دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

# تالانتلىق ئالەم مۇتەخەسسىسى

# فون بلاۋئىر



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

- مەشھۇر دىپلومات — كىسسىنگېر 8 يۈەن
- ئەدەبىيات پېشۋاسى — ھېمىڭۋاي 8 يۈەن
- داڭدار پەيلاسوپ — نىچشې 8 يۈەن
- ئەنگلىيىنىڭ پەخرى — چېرچىل 8 يۈەن
- فرانسىيىنىڭ غۇرۇرى — دې گول 8 يۈەن
- گېزىتچىلىك خاقانى — پۇلىتسېر 8 يۈەن
- ئىگىلىك باشقۇرۇش پىرى — ياكوكا 8 يۈەن
- سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى — گورباچېيوف 8 يۈەن
- ھىندىستانلىقلارنىڭ داھىيسى — گەندى 8 يۈەن
- تالانتلىق ئالەم مۇتەخەسسىسى — فون بلاۋئېر 8 يۈەن

ISBN 978-7-228-05586-9
9 787228 055869 >
定价：80.00 元

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

# تالانتلىق ئالەم مۇتەخەسسىسى

# فون بلاۋئېر

تۈزگۈچى : جياڭ جىۋېي

تەرجىمە قىلغۇچى : ھاكىمجان ئۆمەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

航天奇才-冯·布劳恩：维吾尔文/姜继为编著；阿克木江·乌麦尔译.-乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.3 （2009.4 重印）
（世纪人物传记故事丛书·第2集/刘俊峰主编）
ISBN 978-7-228-05586-9

Ⅰ.航… Ⅱ.①姜… ②阿… Ⅲ.冯… 生平事迹-维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I25

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第76812号

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 艾克巴尔·艾力 |
| **责任校对** | 赛娜瓦尔、扎米拉提 |
| **特约校对** | 阿依古丽·亚森 |
| **封面设计** | 祖力喀尔装帧 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **电　　话** | 0991-2827472 |
| **印　　刷** | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| **经　　销** | 各地新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230毫米 32开本 |
| **印　　张** | 5 |
| **版　　次** | 2000年3月第1版 |
| **印　　次** | 2009年4月第2次印刷 |
| **印　　数** | 4001-7000 |
| **总 定 价** | 80.00 元 |
| **单　　价** | 8.00 元 |


www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب بېيجىڭ كۇتۇپخانا نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京图书馆出版社1997年1月第1版，1997年1月第1次印刷本翻译出版。

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

# تالانتلىق ئالەم مۇتەخەسسىسى — فون بلاۋئېر

**ئاپتورى:** جياڭ جىۋېي
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ھاكىمجان ئۆمەر
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەكبەر ئەلى
**مەسئۇل كوررېكتورى:** سەنەۋەر ئىبراھىم، زەمىرە پىدائى
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ئايگۈل ياسىن
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:** زۇلقەر لايىھىچىلىكى
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**تېلېفون:** 0991 ـ 2827472
**باسقۇچى:** ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلار
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 5
**نەشرى:** 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 4001 – 7000
**كىتاب** نومۇرى: ISBN 978 – 7 – 228 – 05586 – 9
**ئومۇمىي باھاسى:** 80.00 يۈەن
**يەككە باھاسى:** 8.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

## كىرىش سۆز

ئالەمگە ساياھەت قىلىش ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى تەسىرلىك شېرىن چۈشلىرىنىڭ بىرى. قەدىمكى زاماندا گرېكلار ئىككى دولىسىغا پەيلەرنى قاداپ قۇشقا ئوخشاش ئۇچۇپ بېقىشنى خىيال قىلغان؛ 19 ـ ئەسىردە فرانسىيىلىك فانتازىيىلىك ئەسەر يازغۇچى ژيۇل ۋېرىن « يەر شارىدىن ئاي شارىغىچە » دېگەن كىتابنى يازغان. كىتابتىكى باش قەھرىمان زەمبىرەك ئارقىلىق ئۆزىنى ئاي شارىغا ئاتىدۇ. نەتىجىدە زەمبىرەك ئاينى بويلاپ ئايلىنىپ، يا ئايغا كىرەلمەي، يا يەر شارىغا قايتالماي ئالەم بوشلۇقىدىكى جەسەت ساندۇقىغا ئايلىنىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ئاندىن رۇسىيىلىك E.K سىئولكوۋسكىي راكېتانىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى سىستېمىلىق شەرھلىگەن، بۇنىڭ بىلەن ژيۇل ۋېرىننىڭ خام خىيالى ئىلىم ـ پەن ساھەسىگە يەنىمۇ يېقىنلاشقان، بىراق ئىنسانلارنىڭ ئالەمگە ساياھەت قىلىش چۈشىنى ۋە ئاي شارىغا چىقىش تەسەۋۋۇرىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىشقا ئاشۇرغان كىشى ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى گېرمانىيىلىك ئالىم فون بلاۋئېر. ئۇ تالانتى ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئىنسانلارنى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ بىر قەدەم تاشلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

بۇ كىتابتا ئاشۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ھېكايىسى بايان قىلىنىدۇ.

## مۇندەرىجە


بىرىنچى باب كەپسىز ئۆسمۈر ....................... 1
ئىككىنچى باب بالا كەشپىياتچى ........................ 7
ئۈچىنچى باب كۆكتە پەرۋاز قىلىش ........................ 14
تۆتىنچى باب ھەربىي فورما كىيمىگەن ھەربىي ....... 22
بەشىنچى باب ئون يىل تاۋلىنىش ........................ 34
ئالتىنچى باب ئەنگلىيىنى بومباردىمان قىلىش ........ 44
يەتتىنچى باب سام تاغىنى ئىزدەش ........................ 59
سەككىزىنچى باب جەننەتتىكى مەھبۇس ........................ 67
توققۇزىنچى باب يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇق پۇقراسى ......... 75
ئونىنچى باب ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ ساياھىتى ...... 84
ئون بىرىنچى باب «ساتۇرن» ناملىق راكېتانىڭ دۇنياغا كېلىشى ................................ 101
ئون ئىككىنچى باب ئاي شارىغا تۇتاشقان يول ................ 112
ئون ئۈچىنچى باب «ئاپوللو» دىن يەر شارىغا سالام ....... 127
ئون تۆتىنچى باب ئالەم قاتنىشى ئىشلىرىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى ........................ 140

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىرى تورى ئادرېسى

# بىرىنچى باب كەمسىز ئۆسمۈر

ۋېينېر فون بلاۋئېر 1912 ـ يىلى 23 ـ مارت گېرمانىيىنىڭ شەرقىدىكى ۋېستېر دېگەن جايدا بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوبدان تەربىيە كۆرگەندى. ئانىسى ئېممى فون بلاۋئېر خانىم ئەدەبىيات ۋە مۇزىكىغا ئامراق بولۇپ، ئالتە خىل تىلنى پىششىق بىلەتتى. شۇنداقلا ئۇ داڭلىق ئىشتىن سىرتقى ئاسترونومىيە ھەۋەسكارى ئىدى؛ دادىسى ماگنۇس فون بلاۋئېر گېرتسوگ شۇ يەردىكى داڭلىق سىياسىيون بولۇپ، ئۆلكىلىك پارلامېنتنىڭ ئەزاسى بولغان. ئۇزاق ئۆتمەي ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى بولغان. بلاۋئېر ئۇلارنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، ئۇلار بۇ شوخ ئوماق ئوغلىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى.

بلاۋئېر كىچىكىدىنلا بەك كەمسىز ئىدى. دۇنيادىكى ئىشلارغا ناھايىتى قىزىقاتتى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بەرسە بىردەم ئويناپلا ئۇنى چۇۋۇپ، ئىچىدە قانداق سىرلارنىڭ بارلىقىنى بىلىشكە ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئويۇنچۇقلار ئەزەلدىن بىرەر كۈنمۇ ساق پېتى تۇرمىغاچقا، ئاكا ـ ئىنىلىرى ئويۇنچۇقلارنى دائىم يوشۇرۇپ قوياتتى. ئۆيدىكى قانداق نەرسە بۇزۇلۇپ كەتسە، ھەممىيلەن بۇنىڭ بلاۋئېرنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى سۆزسىزمۇ بىلىشەتتى.

بلاۋئېر شۇنداق كەمسىز بولسىمۇ، بىراق ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئانچە ئەيىبلەپ كەتمەيتتى. ئۇلار باللارنىڭ قىزىقىشىنى يېتىلدۈرۈش ئەڭ مۇھىم، قىزىقىش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى دەپ قارايتتى. شۇڭا، بلاۋئېر رود مەزھىپىدىكىلەرنىڭ چېركاۋىدا ئېتىقاد مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە

ئاتا ـ ئانىسى باشقا پۇلدار ئائىلىلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭغا ئالتۇن سائەت سوۋغا قىلماي، ئاسترونومىيە دۇربۇنى سوۋغا قىلغانىدى. بەلكىم بۇ ئۆزگىچە سوۋغات بلاۋئېرنىڭ كېيىنكى ھايات مۇساپىسىگە ئاساس سالغان بولۇشى مۇمكىن.

ياز كۈنلىرى ئاخشىمى ئاسماندا ساناقسىز يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. جىمجىت كېچىدە پاقىلارنىڭ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كورۇلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كىچىك بازاردىكىلەر ئاللىبۇرۇن شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ، بىراق بلاۋئېر ئۆز ھويلىسىدا قىزىقىش نەزىرى بىلەن ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ قولىغا دۇربۇننى ئېلىپ، چوغدەك قىزىل يېنىپ تۇرغان بىر يۇلتۇزنى كۆزەتتى ۋە نېمىشقا بەزى يۇلتۇزلار قىزىل، بەزى يۇلتۇزلار ئاق ھەتتا بەزى يۇلتۇزلار يېشىل بولىدىغاندۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىدى.

بلاۋئېرنىڭ ئانىسى بالىخانىنىڭ پەنجىرىسىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا:

ــ بلاۋئېر، ئەمدى ئۇخلا ! ــ دەپ توۋلىدى.

ــ سەل تۇرۇپ ئۇخلايمەن، ئاپا، مەن ھازىر بىر قىزىل يۇلتۇزنى تەتقىق قىلىۋاتىمەن. ئۇنى يۆتكەپ ماڭا يېقىن جايغا ئورۇنلاشتۇردۇم، بىر چامدىسالىلا يېتىشىۋالىدىغاندەكلا قىلىمەن. ئاپا، مەن راستىنلا ئۇنىڭغا يېقىنلاشسام دەپ ئويلايمەن ! ــ دېدى بلاۋئېر.

بلاۋئېر خانىم كۈلۈپ كەتتى. ئوغلى ھەمىشە مۇشۇنداق غەلىتە خىياللارنى قىلاتتى.

ــ بلاۋئېر، قىزىل يۇلتۇزنىڭ نېمە يۇلتۇز ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇلار نۇرغۇن يۇلتۇزلار، بىزدىن نەچچە مىليون كىلومېتىر يىراقلىقتا، ئەگەر مېڭىپ بارىمەن دېسەڭ نەچچە يۈز يىلدىمۇ يېتىپ بارالمايسەن، ــ دېدى ئانىسى.

ــ ئۇنداقتا مەن تېز سۈرئەتلىك ماشىنىدىن بىرنى كەشىپ قىلىمەن، شۇ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يۇلتۇزلارنى ئىزدەيمەن، ــ

www.uyghurkitap.com

دېدى بلاۋئېر دۇربۇننى يىغىشتۇرغاچ ئانىسىغا قاراپ.

بلاۋئېر ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بېرلىنغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردى. ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق بولسىمۇ، بىراق مەكتەپنىڭ ئۆگىنىش تۈزۈمىگە كۆنەلمىدى. پارتىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاش ئۇنىڭغا بەك ئېغىر كېلەتتى. بلاۋئېر دائىم كۆزلىرىنى دوسكىغا تىكىپ قوللىرىنى پارتا ئۈستىگە قويۇپ، سائىتىنى ياكى بولمىسا مەكتەپكە ئەكەلگەن پارچە تۆمۈرلەرنى ئويناپ ئولتۇراتتى. دىققىتىنى دەرسكە يىغالماي پىكىر يۈرگۈزەتتى. مۇئەللىم نېمىشقا شۇنچە كۆپ قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلىمەي، ئېلىپبە، ھېساب دېگەنلەرنى سۆزلەيدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ ئىچى سىقىلاتتى. بىر قېتىم تىل دەرسىدە مۇئەللىم بلاۋئېرنىڭ دەرسكە دىققەت قىلمايۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ.

— بلاۋئېر، «قەلب» دېگەن سۆز قانداق يېزىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى. بلاۋئېر ئوقۇتقۇچىنىڭ نېمىنى سورىغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، ھاپىلا ـ شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قولىدا قالپىقى چىقىرىۋېتىلگەن بۇرما مىخ بار ئىدى. ئۇنى يا تاشلىۋېتىشنى، يا يوشۇرۇۋېلىشنى بىلەلمەي ھودۇققان ھالدا:

— 5 كە 8 نى قوشساق 13 بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. ساۋاقداشلىرى پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. بلاۋئېر ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى. مۇئەللىم ئۇنىڭ ئويۇنچۇقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئۈمىدسىز ھالەتتە بېشىنى چايقىدى.

بېرلىنغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، بىر يېڭى تەۋەككۈلچىلىك بلاۋئېرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇ بولسىمۇ راكېتا سىناق تەجرىبىسى ئىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا، ئىنسانلار تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. ۋېلسىپىت، ماشىنا، ئايروپىلان دېگەندەك قاتناش قوراللىرى كەشىپ قىلىندى. بىراق، ئىنسانلار بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، ئۇلارنىڭ سۈرئىتىنىڭ يەنىمۇ تېز بولۇشىنى ئارزۇ

قىلدى، شۇڭا بەزى تەۋەككۈلچىلەر راكېتانى (ئۇ چوڭ مەشئەل بىلەن تەڭ) ماشىنا، پويىز، پلانېرغا باغلاپ كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان تېز سۈرئەتلىك رېكورت ياراتتى. ئەينى چاغدا، بېرلىندا فالليېر ۋە ئوپېل ئىسىملىك ئىككى كەشپىياتچى بولۇپ، ئۇلار كۆپ قېتىم راكېتانى سىناق قىلدى. شۇنداقلا ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى بىرنەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ پۈتكۈل گېرمانىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، مەملىكەت بويىچە داڭلىق قەھرىمانلارغا ئايلاندى. بۇ ئىشلار بلاۋئېرغا ئىلھام بولدى. ئۇ راكېتانى سىناق قىلىش قوشۇنىغا قاتناشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كوچا ـ كويلاردا نامى چىقىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ تۇنجى قېتىملىق سىنىقى راكېتا ماشىنىسىنى ياساپ چىقىش بولدى. بلاۋئېر كىچىك سىيرىلما ھارۋىدىن بىرنى تاپتى، ئاندىن يېقىن ئەتراپتىكى پوجاڭزا دۇكىنىدىن ئالتە چوڭ پوجاڭزا سېتىۋېلىپ ئۇنى ھارۋىنىڭ قۇيرۇق قىسمىغا مەھكەم باغلىدى. ئارقىدىن ھارۋىنى كۆتۈرۈپ دۆڭرەك بىر كوچىغا كەلدى. كوچىدىكىلەر بۇ غەلىتە بالىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ غەلىتە ھارۋىسىغا قاراپ تۇرۇشتى. بلاۋئېر ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، سەرەڭگە بىلەن پوجاڭزىغا ئوت تۇتاشتۇردى، پاراسلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھارۋا ئۇچقاندەك تۆۋەنگە سىيرىلدى. كوچىدىكى كىشىلەر چۇقان سېلىشىپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. بىر ساقچى ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن جېنىنىڭ بارىچە قوغلىدى. پوجاڭزىلار ئېتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھارۋىمۇ ئاستا ـ ئاستا توختىدى. ساقچى بلاۋئېرنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ ھارۋىسىنى مۇسادىرە قىلدى. يارىلىنىش ۋەقەلىرى يۈز بەرمىسىمۇ، بىراق ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىق بلاۋئېرنىڭ راكېتاغا بولغان قىزغىنلىقىنى سۇۋۇتالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇنجى سىناقتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بلاۋئېر ناھايىتى خۇشال بولدى. بلاۋئېر

www.uyghurkitap.com

تەييار راكېتا سىنىقۇبىلىشنى خالىماي، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالىدا پوجاڭزا ياساشقا كىرىشتى. ئۇ ئوق دورىسىنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنى قەغەزگە ئورىدى. لاي بىلەن ئۇنىڭ بىر تۆشۈكىنى ئېتىپ ، ئۇنىڭغا پىلىك ئۇلىدى. بىلاۋئېر ئوق دورىسىنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، دورىنى كۆچەپ باستى. نەتىجىدە ئۇنىڭ پوجاڭزىسى بىر تال شامغا ئوخشاپ قالدى. بىلاۋئېر پوجاڭزىنى ئاتقاندى. پوجاڭزا مېۋە ـ چېۋە تاختىسىدىكى ئالمىلارنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. ئاتا ـ ئانىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى بىر كۈن سولاپ قويدى. ئەتىسى ئۇ ئۆيدىن ئوغرىلىقچە قېچىپ چىقىپ، يەنە ئۆزى ياسىغان پوجاڭزىنى سىناق قىلدى. بۇ قېتىم پوجاڭزا بولكىخانىغا چۈشۈپ ئېتىلىپ، بولكىلارنىڭ بىرىمۇ ساق قالمىدى.

بىلاۋئېر باشلانغۇچ مەكتەپ ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشمىگەن. ئۇ ئۇششاق ـ چۈششەك ھەرىكەتلەرگە ئامراق بولۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت دېگەنلەر بىلەن قىلچە خۇشى يوق ئىدى. بىراق، ئۇ بەك ئەقىللىق بولغاچقا، بىرەر پەندە نەتىجىسى ناچار بولغىنى بىلەن دەرسلەردە يەنىلا يېتىشىپ ماڭاتتى. خېلى كۆپ بىلىملەرنى ئىگىلىگەنىدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نەتىجىسى بىراقلا چۈشۈپ كەتتى. سەۋەبى پۈتۈن زېھنىنى كەشپىيات ئىشلىرىغا سەرپ قىلدى. شۇڭا، مۇئەللىم ئۇنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىيالمايدۇ دەپ قارايتتى.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھالقىلىق بىر ئوقۇش يىلىدا بىلاۋئېر بىر چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلدى. يەنى ئۇ ۋېلىسىپىتتىن تېز ماڭىدىغان قاتناش قورالى بولغان ماشىنىنى ياسىماقچى بولدى ـ دە، ساۋاقداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تۆرلۈك ماشىنا زاپچاسلىرىنى سېتىۋېلىپ ئۆينىڭ ماشىنا ئىسكىلاتىغا يوشۇرۇپ قويدى ۋە ئىشنى باشلىۋەتتى: ئۇ زاپچاسلارنى ئوڭۇشلۇق

قۇراشتۇرۇش ئۈچۈن، دادىسىنىڭ ماشىنىسىنى چۇۋۇپ زاپچاسلار مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلدى. بەزى زاپچاسلار ئۆلچەمسىز بولغاچقا، بىلەي بىلەن بىلەپ كىچىكلەتتى، قولىلىرىمۇ قاپىرىپ كەتتى. ماشىنا ياساش ناھايىتى مۇرەككەپ ئىش بولغاچقا، دەرستىن سىرتقى ۋاقتى يېتىشمىدى. شۇنىڭ بىلەن بلاۋئېر مەكتەپتىن قېچىشقا باشلىدى. ئۇ ھەر كۈنى مۇزاكىرىگە قاتنىشىپ قويۇپلا، ئۆيىگە يۈگۈردى. باسقۇچلۇق ئىمتىھانغا ئاز قالغاندا، بلاۋئېرنىڭ ماشىنىسىمۇ سەل ئىسكەتكە كەلدى. بىراق، ئۇ فىزىكا ۋە ماتېماتىكا ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدى. گېرتسوگ بلاۋئېر ئوغلىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىنى كۆرۈپ كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولدى. ئۇ ئەركىن ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئاقمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بلاۋئېرنى ئېتىسبۇرگدىكى ياتاقلىق مەكتەپكە بەردى ھەم ئوغلىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇش مۇھىتىدا، يارامىلىق ياشلاردىن بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلدى.

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىككىنچى باب بالا كەشپىياتچى

ئېتىسبۇرگ مەكتىپى ئەينى ۋاقىتتا گېرمانىيىدىكى داڭلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرى ئىدى. مەكتەپ ئىلغار ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. مەكتەپ ياتاقلىرىمۇ ناھايىتى ئازادە ئىدى. ھەشەمەتلىك داچىغا ئوخشايدىغان بۇ مەكتەپ ئىلگىرى مەشھۇر ئەدىب گيوتىدا ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇرغان، ئۇ يەردە بىرنەچچە ھەپتە تۇرۇپلا «فائۇست» دېگەن ئەسىرىنى يازغان.

بلاۋئېر ئېتىسبۇرگ مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن، خېلىلا كۆنۈپ قالدى. چۈنكى، بۇ مەكتەپتە بىر خىل ئۆزگىچە ئوقۇتۇش تۈزۈمى قوللىنىلاتتى. يەنى ئوقۇغۇچىلار چۈشتىن بۇرۇن دەرس ئوقۇپ، چۈشتىن كېيىن ئەمگەك قىلاتتى. چۈشتىن بۇرۇنقى دەرسلەرنىڭ ئانچە مەززىسى بولمىسىمۇ، بىراق بلاۋئېر چۈشتىن كېيىنكى ئەمگەكنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ كۆپ ۋاقتىنى باغاچىلىق، تامچىلىق، گۈل ـ گىياھ ئاسراش ئىشلىرىغا سەرپ قىلاتتى. بۇ پائالىيەتلەر كىشىنى ماشىنا ياسىغاندىكىدىن بەكرەك قىزىقتۇرالمىسىمۇ، بىراق لاتىنچە كىتابلارنى تەرجىمە قىلغاندىن كۆپ ياخشى ئىدى. باغاچىلىق قىلغاندا بلاۋئېر بىر جۈپ چېۋەر قوللىرى بىلەن باغاچ تاختايلارنى ناھايىتى سىلىق قىلىپ رەندىلەيتتى. بەزى باغاچى ئۇستاملار ئۇنى ماختاپ كېتەتتى.

ھەر كۈنى كەچتە، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەركىن پائالىيەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلاتتى. ئوقۇغۇچىلار كۇتۇپخانىغا بېرىپ گېزىت ـ ژۇرنال كۆرسىمۇ ياكى مەكتەپ ھويلىسىدا سەيلە قىلسىمۇ ياكى ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنلارنى ئوينىسىمۇ

بولاتتى. بلاۋئېر كىتاب ئوقۇشقا ۋە ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىشكە بەكرەك قىزىقاتتى. شۇڭا، ئۇ ھەر كۈنى كەچتە كۇتۇپخانىغا بېرىپ، گېزىت ـ ژۇرنال، كىتابلارنى ئالا قويماي ۋاراقلاپ ئوقۇپ چىقاتتى. ئەگەر بەكرەك قىزىقىدىغان نەرسىلەر بولسا، بىرنەچچە قېتىم ئوقۇيتتى. ئۇ كۇتۇپخانىدىن چىققاندىن كېيىن، دۇربۇن بىلەن ئاسماندىكى جىمىرلاپ تۇرغان ساناقسىز يۇلتۇزلارنى كۆزىتەتتى. بلاۋئېر ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزەتكەندە، دائىم بىر ـ ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت سەرپ قىلاتتى. ئايدىڭ كېچىلەردە بولسا ئۈچ ـ تۆت سائەتكىچە ئاينى كۆزىتىپ، تاكى ياتاق چىراغلىرىنى ئۆچۈرمىگۈچە بولدى قىلمايتتى.

1925 ـ يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، بلاۋئېر كۇتۇپخانىغا بېرىپ گېزىت ـ ژۇرنال كۆرۈۋاتقاندا، بىر ئاسترونومىيە ژۇرنىلى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى، بۇ ژۇرنالدا بەزى ئىلمىي ماقالىلەر بېسىلىپلا قالماستىن، بەلكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرىمۇ تونۇشتۇرۇلاتتى. بلاۋئېر ژۇرنالنى ئوقۇۋېتىپ ژۇرنال مۇقاۋىسىنىڭ ئاستىغا بېسىلغان ھېرمان ئوبېرتنىڭ «ساماغا تۇتاشقان يول» ناملىق كىتابى تونۇشتۇرۇلغان ئېلاننى كۆرۈپ قالدى ـ دە، بۇ ئېلانغا ناھايىتى قىزىقتى. چۈنكى، ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان مۇشۇنداق بىر كىتابنى ئىزدەۋاتاتتى. ئۇ دەرھال نەشرىيات سودىگىرىگە خەت يېزىپ، بۇ كىتابتىن بىرنى سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كىتاب سودىگىرى ئۇنىڭغا بۇ كىتابنى ئەۋەتىپ بەردى.

بلاۋئېر بۇ يېڭى كىتابنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ياتىقىغا بېكىنىدى، يۇلتۇزلار دۇنياسىنى ساياھەت قىلىش نەقەدەر كۆڭۈللۈك ئىش ـ ھە! ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا «ئادەم ئالەمگە قانداق كىرىدۇ؟» دەپ ئويلايتتى ھەم ئۇنىڭغا جاۋاب ئىزدەيتتى، بلاۋئېر ئوبېرتنىڭ كىتابىنى ئېچىپلا داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى، كىتابقا ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا

www.uyghurkitap.com

ماتېماتىكىلىق فورمۇلىلار، چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىرمۇنچە سان ـ سىمۋوللار بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ كىتابنىڭ ئىسمى سەل غەلىتە بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلاردىن ئۇنىڭ ھەقىقىي بىر ئىلمىي ئەسەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. كىتابتا ناھايىتى جىق ماتېماتىكىلىق ۋە فىزىكىلىق فورمۇلىلار ئارقىلىق كىشىلەرگە بىر جىسىمنىڭ يەر شارىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىشىنىڭ ئېھتىماللىقى ۋە زۆرۈر شەرتى ئىسپاتلاپ بېرىلگەنىدى. بالاۋېر ماتېماتىكا، فىزىكىدا ناچار بولغاچقا، بۇ جايلارنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. ئۇ بەك قىيىسەر ئىرادىلىك بالا بولغاچقا، كىتابنى چۈشەنمەيدىكەنمەن دەپلا تاشلاپ قويماستىن، كىتابتىكى ئۆزى بىلمىگەن يەرنى قەغەز پارچىسىغا خاتىرىلەپ قويدى. ئەتىسى كىتابنى قولتۇقلاپ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسىدىن قىيىن يەرلەرنى سوراشقا باشلىدى. بالاۋېرنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا مۇنداق چۈشەندۈردى.

— بىر جىسىم ئەگەر يەر شارىدىن ئايرىلىپ، ئالەمگە چىقماقچى بولسا، ئۇ چوقۇم ئىككىنچى ئالەم سۈرئىتىگە يېتىشى كېرەك. بۇ سۈرئەت نيۇتوننىڭ كۈچ فورمۇلىسى بويىچە ھېسابلاپ چىقىلىدۇ. سەن ئالەمنىڭ تارتىش كۈچى قانۇنى بىلەن مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنىڭ فورمۇلىسىنى بىلىدىغانسەن؟ ئىككىنچى ئالەم سۈرئىتى يۇقىرىدا دېيىلگەن ئىككى فورمۇلا ۋە ماتېماتىكىلىق بىلىملەر بويىچە ھېسابلاپ چىقىلغان.

بالاۋېر ئوقۇتقۇچىنىڭ جاۋابىنى تازا ئوبدان چۈشىنەلمىدى. بىراق، ئۇ ئەڭ مۇھىم بىر نۇقتىنى، يەنى ئادەم يۇلتۇزلار دۇنياسىغا چىقماقچى بولىدىكەن، پەقەت ئارزۇ قىلغان بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدىغانلىقىنى، ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلەش، بولۇپمۇ ماتېماتىكا ۋە فىزىكا بىلىملىرىنى پۇختا ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى ئېنىق بىلىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، بۇ دەرسلەرنى تىرىشىپ تولۇقلاپ ئۆگىنىشكە بەل باغلىدى.

بلاۋئېر تۇغما تالانتلىق بولغاچقا، ئۆگەنمەكچى بولغان دەرسلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆگىنىۋالالايتتى. بلاۋئېر ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلىمىنى ئاڭلىغان كۈندىن باشلاپ، دەرسلەرنى دىققەت بىلەن ئاڭلايدىغان، ئىجتىھات بىلەن كىتاب ئوقۇيدىغان بولدى. ماتېماتىكا ۋە فىزىكىدىمۇ ناھايىتى تېز ئىلگىرىلىدى. ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ بارا ـ بارا كۆتۈرۈلدى. ئوبېرتىنىڭ ئائىلىگە دائىر كىتابىدىكى بىھېساب مەسىلىلەر بلاۋئېرنى تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە، تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇ سىنىپ بويىچە ئۆگىنىشى ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدى. ئۇ خۇددى ئالىم ئىلمى مۇتەخەسسىسلىرىدەك ساۋاقداشلىرىغا ئۇلار خالىسىلا ئالىم قائىدىسى ۋە تېخنىكىسى ھەققىدىكى بىلىملەرنى ناھايىتى جانلىق سۆزلەپ بېرەتتى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ چەكسىز قىزىقىشىنى قوزغايتتى.

ئېتىسبۇرگ مەكتىپىدە، بلاۋئېر دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشاتتى، بولۇپمۇ ئۇ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن قاتنىشاتتى. ئۇ مەكتەپتە خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن بېيسبول تەنھەرىكەتچىسى ئىدى. ياغاچچىلىق دەرسىدە، ساۋاقداشلىرى ئۇنى «ئۇستام» دەيتتى، چۈنكى ئۇ ئىشنى تېز ھەم چىرايلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئۆي جاھازلىرىغا يېڭى نەقىش، ئويمىلارنى چىقىرالايتتى، يېڭى نۇسخا، نەقىشلەرنى لايىھىلەيتتى. قول ماھارىتى بلاۋئېرنىڭ ئەزەلدىن ئارتۇقچىلىقى بولغاچقا، نەزەرىيە سەۋىيىسىمۇ ئۆسكەندىن كېيىن، يېڭى نەرسىلەرنى ياساش ئۇنىڭغا تولىمۇ ئوڭاي چۈشتى.

1928 ـ يىلى بلاۋئېر سۆيۈملۈك مەكتىپى ئېتىسبۇرگ مەكتىپىدىن ئايرىلىپ، شىمالىي دېڭىزدىكى شىپېكروگ ئارىلىغا جايلاشقان ھېرمان لىت مەكتىپىگە يۆتكىلىپ كەلدى، بۇمۇ خېلى داڭلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتابلىرى بىكىتى www.uyghurkitap.com

ئازادە مۇھىتى ھەتتا ئېتىنسبۇرگ مەكتىپىدىنمۇ ياخشى بولۇپ، بلاۋئېرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تازا باب كېلەتتى.

بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭدا مەكتەپتە بىر رەسەتخانا قۇرۇش ئىستىكى پەيدا بولدى. چۈنكى، ئاتىسى سوۋغا قىلغان دۇربۇن ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى يېڭى ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ئاسترونومىيىگە ھەۋەس قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىغان. مەكتەپمۇ ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بلاۋئېر مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قېشىغا باردى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — سورىدى مەكتەپ مۇدىرى كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن ئۇنىڭغا تەئەججۈپ بىلەن قاراپ، مەكتەپ مۇدىرى بلاۋئېرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى.

— سەن ئاسترونومىيە دېگەننى بىلەمسەن؟ ئۇنداقتا دەپ باقە، ئەتىيازدا بىز مۇشۇ كەچلىكتە تۇرساق، قايسى يۇلتۇزلار تۇركۇمىنى كۆرەلەيمىز؟

بلاۋئېر قىلچە ھودۇقماي جاۋاب بەردى. مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ تازا ئىشەنمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ بلاۋئېرنىڭ جاۋابىنىڭ توغرىلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن بۇ بالا كىتابتىن يادقا ئېلىۋالغان جايىنى دەپ بەردى، دېگەن گۇمان بىلەن يەنە سورىدى:

— رەسەتخانىنى قۇرغاندا، قايسى خىلدىكى دۇربۇننى سېتىۋالسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقلىرى بار؟

بلاۋئېر يەنە بىر قېتىم مەكتەپ مۇدىرى رازى بولغۇدەك جاۋاب بەردى. بۇ قېتىم مەكتەپ مۇدىرى ئورنىدىن دەس تۇرغىنىچە بلاۋئېرنى قولىدىن يېتىلەپ پەنجىرە ئالدىغا كەلدى ـ دە، كەڭ مەكتەپ ھويلىسىنى كۆرسىتىپ:

— سېنىڭچە، رەسەتخانىنى قەيەرگە قۇرساق بولار؟ ئۇنى كىم

باشقۇرىدۇ؟ ـــ دېدى.

بلاۋئېر ئۆز بىلىمى ۋە تالانتى ئارقىلىق مەكتەپ مۇدىرىنى قايىل قىلىپ، بەش ئىنگلىز سوۋغى كېلىدىغان ئالىي دەرىجىلىك قاتمال دۇربۇنغا ئېرىشتى. بلاۋئېر مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن، رەسەتخانىنى ياساپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئېيتىش ئۈچۈن، رەسەتخانىنى ياساپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە سىنىپقا كىرىپ قۇرۇلۇشچىلار گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، قۇرۇلمىسىنى ئۆزى لايىھىلىدى، قۇرۇلۇش ئىشىنى ئۆزى تەشكىللىدى، بەزى قىيىن جايلىرىنى ئۆزى قول تىقىپ ئىشلىدى، ئىككى چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت ئىچىدىلا بىر چىرايلىق، پۇختا، ئاددىيلا رەسەتخانىنى ياساپ چىقتى. مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن بلاۋئېرنى ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىشتى. مەكتەپ مۇدىرى بلاۋئېرنىڭ قالتىس تەشكىللەش ئىقتىدارىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى تۇنجى نۆۋەتلىك رەسەتخانا باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا قەرەللىك تۈردە مەكتەپ بويىچە ئاسترونومىيە بىلىملىرىدىن لېكسىيە سۆزلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش ھەققىدە يوليورۇق بەردى.

ئۇزاق ئۆتمەي بلاۋئېرنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئاغرىپ قالدى. مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلار ناھايىتى قىس بولغاچقا، مەكتەپ مۇدىرى بلاۋئېرنىڭ ۋاقىتىنچە دەرس بېرىشىنى قارار قىلدى. ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن بلاۋئېر مۇنبەرگە چىقتى، ساۋاقداشلىرىنىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇ تولىمۇ سالماقلىق بىلەن ماتېماتىكىدىكى فورمۇلىلارنى چوڭقۇر ھەم ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ، ساۋاقداشلارنىڭ قەلبىنى ئۇتتى. دەرس تىڭشىغىلى كىرگەن مۇئەللىملەر ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىشىپ، ئۇنى ھەقىقەتەن يارامىلىق تالانت ئىگىسى ئىكەن، دەپ كېتىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى بىر

يىلى بلاۋئېر ئىككى ۋەزىپىنى بىراقلا زىممىسىگە ئالدى: يەنى ئۇ ھەم ئوقۇغۇچى، ھەم ئوقۇتقۇچى بولدى. كۈندۈزى دەرس ئۆتسە، كەچلىرى تەكرار قىلىپ بەردى. بوش ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشىنى قىلدى.

# ئۈچىنچى باب كۆكتە پەرۋاز قىلىش

بلاۋئېر ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بېرلىندىكى ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ مەلۇم ۋاقىت ئارام ئالغاندىن كېيىن، شارلوتېن سانائەت ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇپ بۇ يەردە رەسمىي بىر تەبىئىي پەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئايلاندى. شارلوتېن سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ مەكتەپ بەلگىلىمىسى قاتتىق بولۇش، رېئاللىققا ئەھمىيەت بېرىشتەك ئەنئەنىسى بار ئىدى. مەكتەپتىكى ھەربىر ئوقۇغۇچى مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپ چوقۇم فورشىس ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدا شاگىرت بولۇشى، نەزەرىيىۋى تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىش جەھەتتە مەشغۇلات تېخنىكىسىنى پىششىق بىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، بلاۋئېر ئوقۇشقا كىرگەن تۇنجى كۈندىن ئېتىبارەن ئىشچى بولدى ھەمدە بىر ئىنژېنېردا بولۇشقا تېگىشلىك تېخنىكا مەشقىنى سىستېمىلىق قوبۇل قىلىشقا باشلىدى.

بلاۋئېرغا مەسئۇل ئۇستام بومبا ساقاللىق، ئوتتۇرا ياش ئادەم بولۇپ، كەم سۆز، ئىنتايىن ناھايىتى كەسكىن ئىدى. ئۇ بلاۋئېرنى بىرپەس كۆزەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كىچىك بالىنىڭ بېشىچىلىك چوڭلۇقتىكى يۇمىلاق ئۇيۇل تۆمۈرنى تۇتقۇزۇپ:

— ئۇنى كۆپ شەكىللىك جىسىم ھالىتىگە كەلتۈرسەن، ھەربىر بۇرجىكىنى يونۇپ قىر چىقىرسەن، ھەممە تەرىپى تەكشى، ھەممە يۈزى ناھايىتى سىلىق بولسۇن، — دەپ ۋەزىپە تاپشۇردى ھەمدە بىر ئېكەك بەردى، ئامبۇرنى كۆرسەتتى، — بۇلار سېنىڭ سايمانلىرىڭ.

بلاۋئېرنىڭ ئىنتايىن ئاچچىقى كېلىپ:

— ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ بۇ تۆمۈرنى يونۇپ نېمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىمىز؟ سىز ماڭا مۇرەككەپ ئۇسكۇنىلەرنى قانداق باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىپ قويغان بولسىڭىز ياخشى بولاتتى! — دېدى. ئۇستا ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي قويمىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بلاۋئېر يونۇپ تەييار قىلغان كۆپ جىسىمنى ئۇستىغا تاپشۇردى. ئۇستا ئۇنى قولىغا ئېلىپ، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ چىقتى. ئىككى بۆرجەكنىڭ تەكشى بولمىغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، «داۋاملىق ئىشلە !» دەپ بۇيرۇدى. بلاۋئېر تىت ـ تىت بولدى، جىددىيلەشتى، شۇنداق بولسىمۇ سەممىيلىك بىلەن ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. بۇ قېتىم، ئۇ ناھايىتى تۇجۇپىلەپ ئىككى ھەپتىدە ئاران تۈگەتتى. بلاۋئېر بۇ تۆمۈرنى تاپشۇرغاندى، ئۇستىسى ئۇنى جىڭلاپ دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن، قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلماستىن، ئۇنى «داۋاملىق ئىشلەش»كە بۇيرۇدى. ئۇنىڭ قوللىرى قاپىرىپ كەتتى. ئەمما، تۆمۈر يونۇغانسېرى كىچىكلەپ باردى. ئۇ ئاغزى بىر پارچە كۆپ شەكىلدىكى تۆمۈرنى نۇقسانسىز ياساپ چىقتى. بەش ھەپتىدىن كېيىن، بلاۋئېر دەككە ـ دۈككە ئىچىدە تۆمۈرنى ئۇستىغا تاپشۇردى، ئۇ كۆزەينىكىنى تاقاپ، قولىدىكى ياڭاقچىلىك كېلىدىغان ئۇيۇل تۆمۈرنى ئاخىرقى قېتىم قاتتىق تەكشۈرگەندىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ:

— ئوبدان ئىشلەپسەن، — دېدى.

كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا بلاۋئېر ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن زاۋۇتقا بېرىپ داۋاملىق شاگىرت ئىشچى بولدى، ئۇ ئالدى بىلەن نەچچە ھەپتە سۇۋاركىچىلىقنى ئۆگەندى، ئاندىن بىرنەچچە ھەپتە ئىستانوك بىلەن تونۇشتى، كېيىن قۇيمىچىلىق سېخىدا بىرنەچچە ئاي ئىشلىدى. ئۆگىنىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئۇ ھەرقانداق بىر مېتال بۇيۇمنى ھەرقانداق ھالەتكە ئەكېلەلەيدىغان بولدى. ئەمەلىي مەسىلىلەرنى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. دېمەك، يېرىم يىللىق ئەمەلىيەت، بلاۋئېرنىڭ ئالەم ئىشلىرىغا پۇختا ئاساس سالدى.

بلاۋئېر ئالىي مەكتەپتە ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقاندا، باشقا جايلاردا راكېتا تەتقىقاتى قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، «يۇلتۇزلار دۇنياسىغا تۇتاشقان يول» نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرغانىدى. ئىجادىيەتكە ئوتتەك ئىشتىياق باغلىغان گېرمانىيىلىك لىلېر ۋىنكلېر ۋە ئوپېللار راكېتا تەتقىقاتىغا كىرىشىپ كەتتى. 1928 ـ يىلىدىن 1929 ـ يىلى قىشقىچە لىلېر ئوق دورىسى يېقىلغۇ قىلىنغان راكېتانى قار تازىلاش ماشىنىسى ۋە ئاپتوموبىللارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈش كۈچى قىلىپ، جامائەتنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. ئۇ يەنە كىشىلەرگە راكېتا ئايروپىلانى ۋە ئالەم كېمىسىنىڭ مودېلىنى سىزىپ بەردى. ئوپېل راكېتا ماشىنا ياساپ چىقتى. 1928 ـ يىلى ئاپرېلدا بۇ ماشىنا سائىتىگە 99.9 كىلومېتىر مۇساپىنى باسالايدىغان بولدى. كېيىن ئۇنىڭغا يەنە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ سۈرئىتى سائىتىگە 233.5 كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلدى. ۋىنكلېر يەنە سۇيۇقلۇق راكېتا تەتقىقاتىغا كىرىشتى، ئۇ ئالكان ئارقىلىق راكېتانى ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىرقانچە قېتىملىق سىناق تەرىقىسىدە قويۇپ بېرىشنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. گېرمانىيىلىكلەردىن باشقا، ئامېرىكىلىق پروفېسسور روبېرت گوداد كۆپلىگەن راكېتا تەتقىقاتى خىزمىتى ئىشلىدى. ئۇ راكېتانىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىغا چىقىشىدا تايىنىدىغان بىردىنبىر قورالى، ئالەم بىلەن يەر شارىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىردىنبىر كۆۋرۈك ئىكەنلىكىگە قاتتىق ئىشىنەتتى. ئۇلارنىڭ سىناق ئىشلىرى بلاۋئېرغا قاتتىق تەسىر قىلدى. بولۇپمۇ ئۇ ئوبېرتنىڭ يەنە بىر كىتابى « يۇلتۇزلار دۇنياسىغا ئۇچقان راكېتا »نى ئوقۇغاندىن كېيىن، راكېتا مېنىڭ ئالەم ساياھىتى چۈشۈمنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشۇمدىكى بىردىنبىر ۋاستە ئىكەن دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ راكېتا تەتقىقاتچىلىرى بىلەن تونۇشۇش، ئۇلار بىلەن بىللە خىزمەت قىلىش نىيىتىگە كەلدى.

1930 ـ يىلى ئەتىيازدا بلاۋئېر بىر دوستىنىڭ ياردىمىدە ئوبېرت بىلەن تونۇشتى ۋە ئۆزىنىڭ راكېتا مۇتەخەسسىسى بولۇش شانلىق ھايات مۇساپىسىگە قەدەم قويدى. تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە، بلاۋئېر سەل تارتىندى. لېكىن، تولىمۇ سەمىمىي بولدى. ئۇ ئوبېرتقا مۇنداق دېدى:

— مەن ھازىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمەن، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا قىلىدىغان ئىشىم يوق، مەن سىزگە ياردەملەشسەم بولارمۇ؟

پروفېسسور ھازىر بىر تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىدا راكېتا كۆرگەزمە قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، ئادەم يېتىشمەيۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ بلاۋئېرنى ياردەمگە تەكلىپ قىلدى.

بلاۋئېر خىزمەتتە ناھايىتى ئېھتىياتچان ۋە تىرىشچان ئىدى. ماگىزىندا قىلىدىغان ئىشى ئالاھىدە ئېغىر ۋە چوڭ ئىش بولىسىمۇ، بىراق ئۇ پەقەت بىخۇدلۇق قىلماي، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى. ئۇ ھەر كۈنى دەرستىن چۈشۈپلا، ۋېلىسىپىت بىلەن ماگىزىنغا كېلەتتى. ئاندىن كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى پاكىز سۈرتۈپ ئۆز ئورنىغا تىزىپ قوياتتى. شۇنداق قىلىپ بلاۋئېر كۆرگەزمىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى تېزلا تۈگەتتى. ئوبېرت ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى. كۆرگەزمە ئېچىلغاندىن كېيىن، بلاۋئېر كۆرگەزمىگە مەسئۇل بولۇپ، ئېكسكۇرسىيىچىلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. گېرمانىيە بىلىمگە ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىدىغان دۆلەت. كۆرگەزمە باشلىنىشى بىلەن ئېكسكۇرسىيىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، ئۇلار بلاۋئېردىن ھەرخىل مەسىلىلەرنى سورىشاتتى. بلاۋئېرنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئۆتكۈر ھەم قىزىقارلىق بولۇپ، ئېكسكۇرسىيىچىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن كىشىلەردە ئىنسانلارنىڭ ئاي شارىغا چىقىشىغا ئازلا ۋاقىت قاپتۇ دېگەن تونۇش ھاسىل بولدى.

ئوبېرتنىڭ دەسلەپكى ئويى مۇنداق ئىدى: سۇيۇقلۇق يېقىلغۇ قىلىدىغان راكېتا قاتتىق جىسىمنى يېقىلغۇ قىلىدىغان راكېتادىن كۆپ ئەۋزەل، ئېغىر نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۇچالايدۇ. بىراق، ئۇ قايسى سۇيۇقلۇقنى يېقىلغۇ قىلىش، ئوتنى قانداق تىزگىنلەش ھەمدە راكېتانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى قانداق لايىھىلەش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمىدى. ئوبېرت سىناق قىلىش ئارقىلىق مۇشۇ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى، ئەڭ مۇھىمى سۇيۇق يېقىلغۇ ۋە مۇۋاپىق گېنېراتور تېپىشنى ئويلايتتى. راكېتا ياساش تەۋەككۇلچىلەر قوشۇنىغا ئەمدىلا قاتناشقان بلاۋئېر مول ئىجادىي خىزمەتكە قاتناشتى. ئۇنىڭ شېرىكلىرى رۇدولف نېبىل ۋە كىلاۋس رىدىللار بولۇپ، ئۇلارمۇ گېرمانىيە راكېتا ئىشلىرىغا ئاساس سالغۇچىلار ئىدى.

گېنېراتور تەتقىق قىلىش خىزمىتى بېرلىننىڭ شەھەر سىرتىغا جايلاشقان دۆلەت خىمىيە سانائىتى تەتقىقات ئىشخانىسىدا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلارنىڭ ئەسۋابلىرى ناھايىتى ئاددىي ئىدى، تەجرىبە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا، ئوبېرت ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن گېرمانىيىدىن ئايرىلىپ، يۇرتى رۇمىنىيىگە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا كېتىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن تەجرىبە خىزمىتىگە نېبىل باشچىلىق قىلدى. بلاۋئېر بىلەن رىدىل ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. بۇ گۇرۇپپىدىكىلەر ناھايىتى ئوبدان ھەمكارلاشتى. چۈنكى، بلاۋئېرنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسى يۇقىرى، رىدىلنىڭ قول ماھارىتى كۈچلۈك ئىدى. نېبىل ماسلاشتۇرۇش ۋە تاشقى مۇناسىۋەتكە ماھىر بولغاچقا، مەبلەغ كۈچى ۋە ئادەم كۈچى توپلىيالايتتى.

نېبىل دۆلەت خىمىيە سانائەت تەتقىقات ئىشخانىسى تار كېلىپ قالدى. ئۇنىڭدا راكېتا قويۇپ بېرىش سىنىقى قىلغىلى بولمايدۇ دەپ قاراپ، ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ، ئاخىر شەھەر سىرتىدىكى لانكىندوفقا يېقىن جايدىكى بىر تاشلاندۇق ھەربىي ئوق ـ دورا ئىسكىلاتىنى تاپتى. ئىسكىلاتنىڭ

كۆلىمى 2000 مو كېلەتتى. تۇرلۇك بىنالار، خەندەكلەر ۋە يۇمىلاق قۇرۇلۇشلار راكېتا خىزمەتچىلىرىنىڭ تەلىپىگە تولىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن نىبېل شەھەرلىك پارلامېنت ئەزاسىنى قايىل قىلىپ، ئۇ يەرنى مۇددەتسىز ۋە ھەقسىز ئىجارىگە ئېلىپ، دەرۋازا بېشىغا « بېرلىن راكېتا قويۇپ بېرىش مەيدانى » دەپ يېزىلغان ھەشەمەتلىك ۋىۋىسكىنى ئاستى.

تاكى 1931 ـ يىلى يازغىچە، بلاۋئېر ھەر كۈنى راكېتا قويۇپ بېرىش مەيدانىدا ئىشلىدى. ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، بىراق راكېتا گېنېراتورىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئەركىن ئۇچۇشىغا باب كېلىدىغان گېنېراتوردىن بىرنى ياساپ ئۇنى راكېتا بىلەن ئالەم بوشلۇقىغا قويۇپ بېرىش ئىدى. ئۇ ردىل بىلەن بىرلىكتە راكېتانىڭ لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ئۇنىڭغا «مىراك» دەپ ئات قويدى، بۇ سۆز سەرپىياتى ئاز، قالتىس ئۈتۈقلۇق دېگەن مەنىدە ئىدى. ردىل يەنە بىر خىل كلاپانلىق ئىشىك ۋە ئوت ئېلىش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى، بۇنداق بولغاندا كىشىلەر ئۇنى يىراقتىن باشقۇرالايتتى. «مىراك» پۈتەي دېگەندە شارلوتتىن سانائەت؛ ئىنستىتۇتى بلاۋئېرنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ئەلالىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى شۋېتسارىيىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى.

1913 ـ يىلى يازدا بلاۋئېر شۋېتسارىيىنىڭ سيۇرىختىكى فېدېراتىيە سانائەت ئىنستىتۇتىغا كېلىپ، ئامېرىكا مىدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى چېرنالۇلز بىلەن تونۇشتى. ئۇلارنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقىپ قالدى ۋە ئالەم ھەققىدە قىزغىن پاراڭلاشتى. ئاخىر ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئالەمگە چىققاندىن كېيىنكى تەسىراتى ۋە ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن بەزى تەجرىبىلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بلاۋئېر ئۇنىڭ كىتاب ئىشكاپىغا بىر دانە ۋېلىسىپىت چاقىنى بېكىتتى، چاققا بىر مېتال قۇتىنى باغلىدى. قۇتىنىڭ

ئىچىگە چېرنالۇلز تېپىپ كەلگەن ئاق چاشقاننى سېلىپ قويىدى. بلاۋئېر چاقنى كوچەپ ئايلاندۇرغاندى، ۋېلسىپىت ئۇچقاندەك بىر پىرقىرىدى. ئۇلار چاقنى يەنە بىرنەچچە قېتىم كوچەپ ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، چېرنالۇلز چاشقاننى ئۆلتۈرۈپ، ئوپېراتسىيە قىلىپ سۇرئەتنىڭ چاشقانغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە ئالامەتلىرىنىڭ زادى قايسى ئەزالاردا ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلدى. ئۇلار بۇ تەجرىبىگە ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ كەتتى. ئۆي ئىچىنى ۋېلسىپىت چاقىنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى بىر ئالدى، كېيىن ئۆي ئىگىسى ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىنى بايقاپ قالدى. ئاپئاق ھاكلانغان تامدا چاشقان قېنى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپ بىلەن:

— ئەگەر تەجرىبىنى توختاتمىساڭلار، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىمەن ! — دەپ كايىدى.

1931 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىر بلاۋئېر شۋېتسارىيىدىن دۆلىتىگە قايتىپ كېلىپ، يەنە « مىراك » ناملىق راكېتانى سىناق قىلىشقا قاتناشتى. نېبل سىناق تەجرىبىسى قىلىش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ باردى. گېرمانىيىدىكى ئاقىل كارخانىچىلار نەق مەيدانغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى. بلاۋئېر بېلەت ساتتى. بىر بېلەت بىر مارك ئىدى. بىراق، سىناق مەغلۇپ بولدى. قېرىنداشقا ئوخشايدىغان راكېتا ئوت ئېلىپ، ئوربىتىنىڭ يېرىمىغا كىرمەي تۇرۇپلا ئوتى ئۆچۈپ قالدى. تۆنجى قېتىملىق سىناق بۇ كەشپىياتچىلارنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويىدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قايتا ئۆزگەرتىلگەن راكېتا قويۇپ بېرىلىپ ئوربىتىغا كىردى، راكېتا ئۆرلەپ مەلۇم ئېگىزلىككە چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قۇيرۇق قىسمىدىن بىر پاراشوت ئېچىلىپ ئاستا ـ ئاستا پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى، پاراشوت يەر يۈزىگە چۈشۈشى بىلەن ردىل ئۇنى تۇتۇۋالدى، بىرەر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن قايتا ئىشلىتىش ئۈچۈن قويۇپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

مىراك ـــ 1 ـ نومۇرلۇق راكېتا كەلگۈسىدىكى راكېتانىڭ ئاساسىي شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆرلەش ئېگىزلىكى ئاران 360 مېتىر ئىدى. بىراق، ئۇنى بۈركۈتكە ئوخشاتقاندا، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنىڭ ناھايىتى پارلاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىلاۋىر ئۇنىڭ ئۇچقانسېرى ئېگىز ئۆرلەيدىغانلىقىغا، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز غايىسىنى ئېلىپ، ئالەم بوشلۇقى بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

# تۆتىنچى باب هەربىي فورما كىيمگەن هەربىي

1932 ـ يىلى باھار پەسلىدە بلاۋئېر ئەلا نەتىجە بىلەن شارلوتتىن سانائەت ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈردى ۋە ئاۋئىئاتسىيە ئىنژېنېرلىقى بويىچە باكالاۋرلىق دىپلومىنى ئالدى. ئۇنىڭ كەلگۈسى ناھايىتى پارلاق ئىدى، نۇرغۇن چوڭ شىركەتلەر مەكتەپكە كېلىپ بلاۋئېرنى ئايروپىلان تەتقىقاتى خىزمىتىگە تەكلىپ قىلدى. بىراق، بلاۋئېر ئالەم ئىشلىرىنى كۆڭلىگە پۈككەچكە، بۇ ساھەدە داۋاملىق ئىشلەپ كېيىنكى ئىشلىرى ئۈچۈن پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىشنى خالاپ قالدى. ئۇ تۆت يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنى پىششىق ئىگىلىدى. بىراق، ئۇ ئالەم كېمىسىنى ئاسمانغا چىقىرىشتا پەقەت ئۇششاق ـ چۈششەك مەسىلىلەرنى بىلىش كۇپايە قىلمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم تېخىمۇ كۆپ فىزىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، 1932 ـ يىلى يازدا بلاۋئېر بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا ئالمىشىپ، فىزىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشتى. ئەمەلىيەت ئۇنىڭ تاللىشىنىڭ توغرا بولغانلىقى، فىزىكىنى ئىككى يىل جاپالىق ئۆگەنگەندە، ئاندىن يارامىلىق ئالىم بولۇپ چىقالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بلاۋئېر بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككى يىل ناھايىتى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. ئۇ تەبىئىي پەننى ئۆگەنگىنى بىلەن نۇرغۇن فىزىكا بىلىملىرىنى بىلمەيتتى. بلاۋئېر قىيىنچىلىق بولسىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆپلەپ ماتېرىيال كۆرۈپ، پائال

ئىزدەندى، ئۇ فاكۇلتېتتىكى داڭلىق فىزىكا مۇتەخەسسىسلىرى شۆدىنىئي، نىل ئېرنىست، لاۋئېرلاردىن تەلىم ئالدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى. گېرمانىيە ھەربىي دائىرىلىرى بلاۋئېرنىڭ راكېتا ياساش جەھەتتە ئاساسىي بارلىقىنى ۋە راكېتا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بىلىپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى تېپىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ سىناق تەجرىبە گۇرۇپپىسى قۇرۇشى ئۈچۈن نۇرغۇن خىراجەت بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەينى ۋاقىتتا بلاۋئېر ئىزدەپ كەلگەن كىشى گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە قورال - ياراغ باشقارمىسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارى پولكوۋنىك بېكىر بولۇپ، ئۇ كەمتەر، مۇلايىم ئادەم ئىدى، ئۇ ياش بلاۋئېرنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلدى.

— بلاۋئېر ئەپەندى، سىزنىڭچە ھازىر راكېتا تېخنىكىسى پىشىپ - يېتىلگەنمىدۇ؟ ئەگەر پىشىپ يېتىلمىگەن بولسا، قايسى سىستېمىنى ۋە قايسى قىسمىنى تەتقىق قىلىش ئەڭ زۆرۈر، قايسىسىنى ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك؟ — دەپ سورىدى. بلاۋئېردىن.

— دۇنيا مىقياسىدىن قارىغاندا، راكېتا تەتقىقاتى ئەمدى باشلىنىۋاتىدۇ، شۇڭا پىشىپ - يېتىلگەن تېخنىكا بار دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. راكېتا ياساشتا مېنىڭچە ئەڭ ئاۋۋال راكېتانىڭ گاز چىقىرىش ماتورىنى ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى ئۇ راكېتانىڭ جېنى، شۇنداقلا راكېتانىڭ ئىتتىرىش كۈچىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى، ئۇچۇش ئارىلىقىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

— ئۇنداقتا سىز بۇ تېمىنى تەتقىق قىلىشقا كېتىدىغان خىراجەت، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ھەققىدىكى ئىشلارنى بىزگە ئېيتىپ بەرسىڭىزلا ئىش پۈتىدۇ، — دېدى پولكوۋنىك بېكىر.

شۇنداق قىلىپ 20 ياشلىق بلاۋئېر ئاخىر بۇ تۈگۈننى يەشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ھاياتىنى ھەربىيلەر ئۈچۈن خىزمەت

قىلىشقا ئاتىدى.

بلاۋئېر كومدوف قورۇقلۇق ئارمىيە بازىسىنىڭ قارىغا ئېتىش مەيدانىدا تەجرىبە گورۇپپىسى قۇرۇپ، سۇيۇقلۇق يېقىلغۇ قىلىنىدىغان راكېتا ماتورىنى تەتقىق قىلىش نەزەرىيە ۋە تېخنىكىسى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشتى. 1934 ـ يىلى بلاۋئېر ئالاھىدە نەتىجە بىلەن ئوقۇشنى تاماملاپ، فىزىكا پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا نائىل بولدى. بلاۋئېر: «سۇيۇق جىسىم ئىتتىرگۈچ قىلىنىدىغان راكېتا ماتورى نەزەرىيە تەربىيىسى» دېگەن تېمىدا ئىلمىي ماقالە ئوقۇدى. ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ تېمىسى يېڭى بولغاچقا، باھالاش ھەيئىتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ھېچقانداق سوئال قويالمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ماقالە ھەربىي ئىشلارغا چېتىلىدىغان بولغاچقا، رەسمىي بېسىپ ئېلان قىلىنمىدى. مۇتەخەسسىسلەر بلاۋئېرنىڭ زور تۆھپىسى ۋە ئىجادىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ماقالىسى بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە ئالاھىدە مۇنەۋۋەر ماقالە بولۇپ باھالاندى. ياش بلاۋئېر راكېتا تېخنىكىسىنىڭ ھالقىلىق باشقۇرۇشلىرىغا زور تۆھپە قوشتى، ئۇ راكېتا ماتورىنىڭ ئوت پۈركۈش، تۇمان پەيدا قىلىش، كۆيۈش، گازنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە بېسىمغا قارشى تۇرۇش رولى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىپ ھەل قىلدى. 30 يىلدىن كېيىن (1964 ـ يىلى) ئۇنىڭ دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغاندا ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى؛ بۇ ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىسى ئىكەن، دەپ ھېسابلىدى. بۇ نەتىجە ئۇلارغا غايەت زور ئىلھامبەخش ئەتتى ۋە تۈرتكە بولدى.

دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇغان ئىككى يىلدا بلاۋئېر بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ سىناق تەجرىبىسى بىلەن شۇغۇللاندى، يەنە بىر تەرەپتىن «بېرلىن ئۈچۈش سىناق تەجرىبە مەيدانى»دىكى خىزمەتكە قاتناشتى. ئۇنىڭ تەجرىبىخانىسى يۆتكىلىشچان قاپقاق بىلەن يېپىلغان سىناق تەجرىبە قۇدۇقى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولۇپ، تەجرىبىخانىدا بىرلا تېخنىك ئىشچى بار ئىدى. تەجرىبە ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسىنى كومدوف قارىغا ئېتىش مەيدانى بېرەتتى. بىراق، ئىش بېجىرگۈچىلەرنىڭ سۆرەلمىلىك قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ تەجرىبىلىرى تازا ئوڭۇشلۇق بولمىدى. 1933 - يىلى ئەتىيازدا بلاۋئېر تۇنجى كىچىك تىپتىكى سۇ بىلەن سوۋۇتۇلىدىغان ماتورنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى، ئۇنى تۇنجى قېتىم ماشىنىغا چېتىپ سىناق قىلغاندا مىنۇتىغا 140 كىلوگراملىق ئىتتىرىش كۈچى ھاسىل بولدى. بۇنىڭدىن ھەربىي تەرەپ تولىمۇ ھاڭ - تاڭ قالدى ۋە ئىنتايىن رازى بولدى. بىراق، سىناق قىلىش جەريانىدا ماتوردىن نۇرغۇن مەسىلىلەر، يەنى ئوت ئالغاندا پارتلاش، قاپقاق قېتىۋېلىش، توك سىمىدا ئوت چاقناش قاتارلىق كاشىلىلار كۆرۈلدى. بۇلار بلاۋئېرنى چوڭقۇر غەمگە سېلىپ قويدى.

كېيىن «راكېتا ئۇچۇرۇش سىناق مەيدانى»نىڭ خىزمەتلىرىدە بەزى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. بىراق، 1 - نومۇرلۇق راكېتا سىناق قىلىنغاندىن كېيىن، نېبېل، بلاۋئېر ۋە ردىللار مىراك 2 - نومۇرلۇق راكېتانى يېڭىدىن تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. يېڭىدىن ياسالغان راكېتانىڭ گەۋدىسى سەل يوقىرى بولۇپ، كۆزلەنگەن ئۇچۇش سۈرئىتىمۇ تېز ئىدى. ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، نېبېل راكېتانى قويۇپ بېرىشتىن ئاۋۋال كۆپلەپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى، راكېتانى قويۇپ بېرىدىغان كۈنى ھەربىي تەرەپتىنمۇ ئېكسكۇرسىيىچىلەر كەلدى، ئۇلار سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى ۋە ۋاقىت ھېسابلىغۇچىنىمۇ ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، تولىمۇ ھەيۋەتلىك، سىرلىق كۆرۈنەتتى. بلاۋئېر قويۇپ بېرىش جارىسىنى مىڭ تەسلىكتە ئورنىتىپ راكېتاغا يېقىلغۇ قاچىلىدى. سىگنال بېرىلگەن ھامان مىراك ــ 702 مېتىرلا ئۆرلەپ، تېخى پاراشوت ئېچىلماي تۇرۇپلا يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ھەربىيلەر ئۇلارنى قىلچە مەسخىرە قىلمىدى. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ بىرنەچچە پارچە

خەرىتىسىگە ۋە تەسەۋۋۇرىغا تولىمۇ قىزىقتى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە قورال ـ ياراغ باشقارمىسى ئۇچۇشنى سىناق قىلىش مەيدانىنى ئۆزلىرى ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەندە، نېبىل، ردىللار بۇنىڭغا قوشۇلمىدى، بلاۋئېرنىڭ پىكرى بىلەن خېلى زور ئىختىلاپ كۆرۈلدى. نېبىل 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۇچقۇچى بولغان، ھەربىي تۇرمۇشتىن قاتتىق سەسكىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇيرۇقۋازلىققا ۋە باشقا چەكلىمىلەرگە ئۆچ ئىدى. ردىل راكېتا تېخنىكىسىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، خۇسۇسىي كارخانىلارمۇ بۇ كەسىپنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇنىڭغا زور مەبلەغ سالىدۇ دەپ قارايتتى. بىراق، بلاۋئېر ئۇلارنىڭ پىكرىگە قارشى ئىدى. ئۇ راكېتا ئىشلىرىغا كۆپ پۇل كېتىدۇ، ھەقىقىي تەتقىقات ئېلىپ بارىمىز دېيدىكەنمىز، ھەربىي تەرەپنىڭ مەبلىغىگە ۋە ئۈسكۈنىلىرىگە تايىنىشىمىز كېرەك دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ نېبىل بىلەن كۆپ تالاش ـ تارتىش قىلدى. ئەمما، ھېچقايسىسى بىر ـ بىرىنى قايىل قىلالمىدى.

راكېتانىڭ ماتورىنى ۋە راكېتا گەۋدىسىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆزگەرتىش ئۇچۇن، بلاۋئېر دەسلەپ ماتورغا ئېلېكتروماگنىتلىق قاپقاق ئورنىتىشنى، قوزغاتقۇچى، يېقىلغۇ گاز تۈكى ۋە ئۆلچىگۈچ قاتارلىق سىستېمىلارنى سەپلەشنى ئويلىغان بولىسىمۇ، بىراق بۇ خىزمەت ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغاچقا، بىر ئادەمنىڭ زېھنىي كۈچى بىلەن بۇنى بىر باشقا ئاچىققىلى بولمايتتى. بۇنىڭ ئۇچۇن بلاۋئېر كەڭ كۆلەمدە ئىزدەپ ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تاپتى، ئۇ سۇۋاركا مۇتەخەسسىسى، قاپقاق ئۆلچىگۈچ ياسىغۇچى ۋە ئوت تۇتاشتۇرۇش ئۈسكۈنىسى ياسايدىغان تېخنىكلارنى تەجرىبە بازىسىدا ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا ۋەزىپە بۆلۈپ بەردى ۋە ھەربىرىنى بىردىن تۈرگە مەسئۇل قىلدى. قورال ـ ياراغ باشقارمىسى ئوتتۇرىدا ۋاستىچى بولۇپ بلاۋئېرنىڭ بەلگىلىگىنى بويىچە

www.uyghurkitap.com

تېخنىكلارغا ئىش ھەققى تارقىتىپ بەردى. بلاۋئېر مۇلايىم، چېچەن، خىزمەتتە تىرىشچان ۋە ئېھتىياتچان، باشقىلار بىلەن ئاسانلا چىقىشالايدىغان ئادەم بولغاچقا، تېخنىكلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. بۇ تۈردىكى تېخنىكا يېڭىلاش ئىشىدا، ياش بلاۋئېر ھەم ئومۇمىي لايىھىگە، ھەم كونكرېت باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئىقتىدارىنى تولۇق نامايان قىلدى ۋە جارى قىلدۇردى. قورال ـ ياراغ باشقارمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا تولىمۇ قىزىقتى ھەم ئۇنىڭغا چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان ياش ئىكەن دەپ باھا بەردى.

30 ـ يىللاردا گېرمانىيىنىڭ ھەربىي كۈچى ئەسلىگە كېلىش باسقۇچىدا تۇراتتى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە مەغلۇپ بولغاچقا، ۋېرسال شەرتنامىسىگە ئاساسەن، گېرمانىيە ئۆزاققىچە ھەربىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىقى شەرت ئىدى. بىراق، ئۇ شەرتنامە 20 ـ يىللاردا ئىمزالانغان، ئۇ ۋاقىتتا راكېتا تەتقىقاتى تېخى بىخ ھالىتىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، شەرتنامىدە بۇ يېڭى نەرسە تىلغا ئېلىنمىغان بولغاچقا، گېرمانىيىمۇ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتتى. شۇ چاغدا قورال ـ ياراغ باشقارمىسى سۇيۇقلۇق ئىتتىرگۈچ قىلىنىدىغان راكېتا تەتقىقاتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا يىراق مۇساپىلىك بومبىدىنمۇ يىراق بولغان ئارىلىققا يەتكۈزۈش كېرەك دېگەن تەكلىپنى بەردى. بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى تەرەپلەر بلاۋئېرنىڭ خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. بلاۋئېر مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىللە 300 كىلوگراملىق ئىتتىرىش كۈچىگە ئىگە، قايتا ئىشلەپ چىقارغىلى بولىدىغان سوغۇق سۇيۇق ئوكسىگېنلىق ئىسپىرت يېقىلغۇ قىلىنىدىغان دۋىگاتېلنى ياساپ چىقتى، ئالتە ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، بلاۋئېر يەنە 1 — A نومۇرلۇق راكېتانى ياساپ چىقتى. بۇ گېرمانىيە ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ تۇنجى راكېتاسى ئىدى. بىراق، سىناق قىلغاندا ئوت ئېلىش

سىستېمىسىدىن كاشىلا چىقتى، كۆيۈش باكىغا گاز يىغىلىۋېلىپ ئوت ئۇچقۇنلىرى يېنىشقا باشلىدى، نەتىجىدە راكېتا پارتلاپ كەتتى، 1 ـــ A نومۇرلۇق راكېتانىڭ يەنە بىر خىلى ئاسمانغا قويۇپ بېرىلدى.

1 ـــ A نومۇرلۇق راكېتا پارتلاپ كەتكەندىن كېيىن، بلاۋئېرنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولدى. چۈنكى، ئۇ بلاۋئېر مۇستەقىل ياساپ چىققان تۇنجى راكېتا ئىدى. ئۇ كەيپى ئۇچقان ھالدا ماشىنىغا چىقتى ـ دە، تەبرىكلەش ئۈچۈن ئېلىپ قويغان بىر بوتۇلكا شامپاننى ماشىنىدىن سىرتقا ئېتىۋەتتى.

باش كۆز بېرلىنىنىڭ ھاۋاسى خېلىلا سوۋۇپ قالغان، سىرتتىمۇ كۆرۈمسىز، سۆرۈن مەنزىرە پەيدا بولغانىدى. بلاۋئېر ئىشخانىسىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كەلدى ـ دە، 1 ـــ A نومۇرلۇق راكېتانىڭ ئىقتىدارىنى قانداق قىلىپ ياخشىلاش مەسىلىسىنى ئويلىنىشقا باشلىدى. دەسلەپ ئۇ ئوت قالدۇرۇش سىستېمىسىنى ياخشىلاشنى ئويلاپ كۆردى، كېيىن بۇنىڭلىق بىلەن ھەممە مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمىغۇدەك دەپ قاراپ پۈتكۈل 1 ـــ A نومۇرلۇق راكېتانى يېڭىۋاشتىن ياخشىلاش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ يېڭى بىر خىل راكېتانى لايىھەلەپ چىقتى ۋە ئۇنىڭغا 2 ـــ A نومۇرلۇق راكېتا دەپ نام بەردى. بلاۋئېر بۇ قېتىم لايىھىلىگەن يېڭى راكېتانىڭ ھەرقايسى سىستېمىسىنىڭ ئورنىنى زور دەرىجىدە تەڭشىدى ھەمدە تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ ئۈسكۈنىسى ئورناتتى. 1934 ـ يىلى دېكابىردا بلاۋئېر ئىككى دانە 2 ـــ A نومۇرلۇق راكېتا ياساپ چىقتى ۋە ئۇلارغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «مارس» ۋە «مورجىس» دەپ نام بەردى.

مىلاد بايرىمى يېتىپ كېلىشتىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن، گېرمانىيە ھەربىي تەرەپ ماركس ۋە مورجىس ناملىق ئىككى راكېتانى شىمالىي دېڭىزدىكى بورقۇم ئارىلىغا يۆتكىدى، بلاۋئېرمۇ ئۇلار بىلەن بىللە راكېتانى قويۇپ بېرىشكە قاتناشتى. بۇ ئارال خادا تاشلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئۈستى چىملىق

ئىدى. ئۇ يەرگە سۈت رەڭلىك راكېتنا قويۇپ بېرىش جازىسىنى ئورنىتىلدى، جازىغا قېرىنداش شەكىللىك يېشىل رەڭلىك راكېتنا قۇراشتۇرۇلدى. تېخنىك خادىملار راكېتاغا ئوكسىگېن ۋە ئىسپىرت قاچىلىدى. فوتوسۇرەتچىلەر راكېتانى قويۇپ بېرىش جەريانىنى سۈرەتكە ئېلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بلاۋئېر قوماندانلىق قىلىش ماشىنىسىدا ئوت ئالدۇرغۇچنى تۇتۇپ جىددىي قىياپەتتە كىشىلەرنىڭ ئالدىراش ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. دولقۇنلار توختىماي خادا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ زور شاۋقۇن پەيدا قىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئارال بلاۋئېرغا ناھايىتى جىمجىت بىلىنەتتى، ئۇ گويا سۈيۈق ئوكسىگېننىڭ يېقىلغۇ باكىغا شورۇلداپ ئېقىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

تېخنىكلار ئوت ئالدۇرغۇچنىڭ سىمىنى چېتىپ بولغاندىن كېيىن، بىخەتەر جايغا يۆتكەلدى. ئاچقۇچلۇق بىر سېكۇنت ئاخىر يېتىپ كەلدى. بلاۋئېر روھلۇق ھالدا ئاستا كۇنۇپكىنى باستى، راكېتانىڭ قۇيرۇقىدىن كۆكۈچ يالقۇن ياندى. يېشىل رەڭلىك راكېتا ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ جازىدىن ئايرىلدى ۋە بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىشكە باشلىدى. راكېتا ئاخىر ئۈچ كىلومېتىر ئېگىزلىكتىكى نۇقتىغا يەتتى. ئىككى قېتىملىق سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، بلاۋئېر چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

بىر جۈپ 2 — A نومۇرلۇق راكېتانىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلىشى، راكېتا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۈرتكە بولدى. راكېتا مۇتەخەسسىسلىرى شاد ـ خۇراملىققا چۆمدى. بلاۋئېر يەنە 3 — A نومۇرلۇق راكېتانى لايىھىلەشكە كىرىشتى ھەمدە 2 — A نومۇرلۇق راكېتانىڭ ھەرقايسى سىستېمىسىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كەلدى. 1935 ـ يىلى يانۋارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى بلاۋئېر لايىھىلەش ئىشخانىسىدا چېرتيوژ سىزىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىلى ئۈستىدە بىر پاتمان

چېرتيوژ قەغەزلەر بار ئىدى. قەغەزلەرگە زاپچاسلارنىڭ رەسىمى، سان ـ سېپىر ۋە فورمۇلىلار چۈشۈرۈلگەنىدى. كىمدۇر بىرى ئىشىكنى چەكتى. ئۇ هاۋا ئارمىيىسى مايورى فون رىھتهوفىن بولۇپ، شۇ چاغدا گېرمانىيە هاۋا ئارمىيىسىنىڭ قورال ـ ياراغ تەرەققىياتىغا مەسئۇل ئىدى. كېيىن، ئۇ گېرمانىيە هاۋا ئارمىيىسىنىڭ مارشالى بولدى.

ـــ جانابلىرى قانداق يوليورۇقىڭىز باركىن؟ ـــ سورىدى بلاۋئېر مايور رىھتهوفىندىن.

ـــ هاۋا ئارمىيىسى سىزنىڭ راكېتايىڭىزغا قىزىقىپ قاپتۇ، بىلمىدىم، ئۇنى ئايروپىلانغا هەرىكەتلەندۈرگۈچ قىلغىلى بولامدۇ ـ يوق؟

ـــ ئەلۋەتتە بولىدۇ، ـــ دېدى بلاۋئېر روھلۇق هالدا. بۇ ياش ئالىم جەڭ ئېلان قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى هەم ئۇنىڭغا جۈرئەت قىلاتتى، ـــ ئەگەر راكېتانى چېتىپ، گاز پوركۇتۇپ ئۇچۇرىدىغان بولساق، مېنىڭچە بۇ تامامەن بولىدۇ هەم شۇنداق قىلىش كېرەك. نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا، گاز بىلەن ئىتتىرىش كۈچى هاسىل قىلغاندا، سۈرئەتنى تېخىمۇ تېزلىتىپ ئاۋاز تېزلىكىگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

ـــ ئۇنداقتا مەن سىز بىلەن هەمكارلىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن، ـــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى رىھتهوفىن، ـــ بىز سىزگە مەبلەغ ۋە خادىم ئاجرىتىپ بېرەيلى، سىز ئايروپىلاننىڭ راكېتا دۋىگاتېلىنى بىر تور سۇپىتىدە تەتقىق قىلىڭ، ـــ مايور سەمىمىي كەسكىنلىك بىلەن تەلەپ قىلدى.

ئەينى چاغدا گېرمانىيە هاۋا ئارمىيىسى ناهايىتى جۇشقۇن، جەڭگىۋار ئىدى. گېنېرالدىن تارتىپ ئەسكەرلەرگىچە هەممىسى ياشلار ئىدى، ئىشنى تېز بېجىرەتتى، ئوچۇق پىكىرلىك ئىدى. ئىلگىرى بلاۋئېر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كونا قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئېسىلىۋالىدىغان ۋە سۆرەلمىلىك قىلىدىغانلارنىڭ ناهايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. بلاۋئېر دەرهال هاۋا ئارمىيىسى بىلەن

ھەمكارلىششقا ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىر تەرەپتىن 3 — A نومۇرلۇق راكېتا تەتقىقاتىغا يېتەكچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئايروپىلاننىڭ گاز دۋىگاتېلىنى تەتقىق قىلىپ ياساشقا كىرىشتى.

3 — Aنومۇرلۇق راكېتا تەتقىقاتى ئوڭۇشلۇق ماڭدى، بلاۋئېر تەلەپ قىلغان يېڭى تىپتىكى ئېسپىرت كلاپانى بىلەن ئوكسىگېن كلاپانىمۇ ياساپ چىقىلدى. ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ دۋىگاتېل تەتقىقاتىمۇ ناھايىتى تېز بولدى. چۈنكى، مايور رىھتهوفىن بۇنىڭ ئۈچۈن 5 مىليون مارك ھەم بىر تۈركۈم تەجرىبىسى مول ئىنژېنېرلارنى ئاجراتقانىدى. بلاۋئېر راكېتا دۋىگاتېل ماتورىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق جايلىرىنى ئۆزگەرتتى ۋە يېڭىلىدى. ئۇ ھاۋا ئارمىيىسى ئىنژېنېرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ناھايىتى تېزلا بىر توننا ئىتتىرىش كۈچىگە ئىگە دۋىگاتېل ماتورىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. شۇ يىلى يازدا بلاۋئېر دۋىگاتېل ماتورىنى ئايروپىلانغا ئورنىتىپ، بىرنەچچە قېتىم نۇقتىدا سىناق قىلدى، ھاۋا ئارمىيىدىكى كوماندىرلار بۇنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران قېلىشتى.

قورۇقلۇق ئارمىيە قورال ـ ياراغ باشقارمىسىدىكىلەر ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بلاۋئېرنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىغا قول تىققانلىقىنى بىلىپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، بلاۋئېرنى قورال ـ ياراغ باشقارمىسىنىڭ باش نازارەت ئورگىنىغا ئەكەتتى. گېنېرال بلاۋئېرغا قاتتىق كايىپ، ھاۋا ئارمىيىسىدىكىلەرنى تىللاپ كەتتى:

— ھاۋا ئارمىيىسىدىكىلەر بۇلاڭچىلار ئىكەن، بىزنىڭ راكېتا تەتقىقاتىمىزدا ئازراق ئىلگىرىلەش بولۇۋىدى، ئۇلار ئوغرىلاش كويىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلارغا راكېتا سودىسىدا پەقەت ئانچىكى ھەمراھلار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويمىسام خەپ.

بلاۋئېر گېنېرالنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى. ئەجەبا، ئۇ ھاۋا ئارمىيىسى ئۈستىدىن شىكايەت قىلامدىغاندۇ؟

تەتقىقات پىلانىنى توختىتىمۇۋېتەمدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ كۆزىنى يوغان ئېچىپ گېنېرالغا قاراپلا قالدى. گېنېرال كولۇمىسىرەپ كېلىپ بلاۋئېرنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— بلاۋئېر خاتىرجەم ئىشلەڭ، رىھتھوفىن سىزگە 5 مىليون مارك بەرگەن بولسا، مەن 6 مىليون مارك بېرىمەن! — دېدى.

بلاۋئېر تولىمۇ خۇشال هالدا قۇرۇقلۇق ئارمىيە قورال ـ ياراغ باشقارمىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ شادلىنىپ سەكرەپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ئەمدىلا 23 ياشقا كىرگەن بولۇپ، يانچۇقىغا بىردەمدىلا 11 مىليون مارك كىرگەنىدى. ئۇنىڭغا چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش پۇرسىتى ئاخىر يېتىپ كەلگەنىدى.

بلاۋئېر كومدوف راكېتا مەركىزىدە باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقاندا، ئۇ ئىلگىرى ئەزا بولغان ئۇچۇش سىناق مەيدانىنىڭ جىنى تومشۇقىغا كېلىپ قالغانىدى، گەرچە نېبېل، ردىل، بلاۋئېر ئۇچەيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا سىناق مەيدانىنىڭ كەلگۈسى چىقىش يولى توغرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار خىزمەتنى بىرلىشىپ ئىشلەيتتى. راكېتا سىناق قىلىشقا كۆپ پۇل كەتكەچكە، بۇ ئىشقا ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە قۇربى يەتمىدى. نېبېلنىڭ ئىئانە توپلاشقا ئېپى بولغاچقا، ئۇ 1934 ـ يىلى ماگدېبۇرگقا بېرىپ ئىئانە يىغدى. پەن ـ تېخنىكىنى قەدىرلەش بىلەن داڭ چىقارغان بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىلىرى ياردەم قولىنى سۇنۇپ، نېبېلغا 40 مىڭ مارك ئىئانە قىلدى ھەمدە ئۇلاردىن قوللىغانلىقىغا جاۋاب سۈپىتىدە ماگدېبۇرگدا بىر دانە توشۇغۇچى راكېتانى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بلاۋئېر نېبېلنىڭ تەلىپى بويىچە، لايىھىلەپ چىقتى ھەمدە 300 كىلوگرام ئىتتىرىش كۈچىگە ئىگە دۋىگاتېل ماتورىنى ياساپ چىقتى. ئۇلار چاتما سىملىق راكېتاغا بىر دانە توشۇغۇچى ساندۇق ئورناتتى ھەم ماگدېبۇرگ شەھەر ئاھالىسى ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپ، تۇنجى قېتىم سىناق قىلدى. بىراق، راكېتا قويۇپ بېرىش جازىسىدىن

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلۈپلا نىشاندىن ئاداشتى ۋە 300 مېتىر ئۇچار ـ ئۇچمايلا يەرگە چۈشۈپ كەتتى. شەھەر خەلق ۋەكىللىرى بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولۇشتى. ئۇلار نىبىلغا بىسىم ئىشلىتىپ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئىشەنچلىك راكېتانى سىناق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ پەيتلەردە لىنكىندوف ھەربىي ئوق ـ دورا ئامبىرىدىكىلەر «بېرلىن راكېتا سىناق مەيدانى» دېگەن ۋۇۋىسكىنى ئېلىۋەتتى. چۈنكى، ھەربىي ئوق ـ دورا ئامبىرىنى ھەقسىز ئىشلەتكەن بىلەن سۇ پۇلى تاپشۇرۇش كېرەك ئىدى. سىناق مەيدانىنىڭ سۇ ھەققى ئۇلار تۆلىيەلمىگۈدەك دەرىجىگە بېرىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن «بېرلىن راكېتا تەتقىقات مەيدانى» تارقىلىپ كەتتى. گېرمانىيىنىڭ راكېتا تەتقىقات ۋەزىيىتى كومدوف راكېتا مەركىزىگە ھەم بلاۋئېرنىڭ زىممىسىگە يۆتكەلدى. ئۇنى پۇرسەت ۋە خىرىس تەڭلا كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى.

# بەشىنچى باب 10 يىل تاۋلىنىش

1935 - يىلى مىلاد بايرىمى بلاۋئېر ئائىلىسى شاد - خۇراملىققا چۆمگەنىدى. بلاۋئېر ئەپەندى بىلەن بارون خانىم بايرامغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى، بىر تۈپ قارىغاي دەرىخى رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن ئاجايىپ بېزەلگەنىدى. بارون ئەپەندى سوۋغات قاچىلانغان قۇتىنى دەرەخ شېخىغا ئېسىپ قويدى، ئۇنىڭدا ئىككىنچى ئوغلىغا تەييارلانغان ئالاھىدە سوۋغات بار بولۇپ، بلاۋئېر ئەتە سىلېزىيىگە جايلاشقان ئائىلىسىگە كېلىپ، ئۆيىدىكىلەر بىلەن بايرام ئۆتكۈزەتتى. ئوغلىنىڭ قازانغان ئۇتۇقلىرى ۋە شان - شۆھرىتىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولغان ئاتا - ئانىسى ئوغلىنىڭ بايرىمىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى راسا تەبرىكلەپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

بلاۋئېر قارا رەڭلىك بېنز ماركىلىق پىكاپقا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە كەلدى. يېقىن دوست - يارەنلىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىشتى. بلاۋئېر ئۇلارغا ئالىم ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. بلاۋئېرنىڭ دادىسى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئوغلىنىڭ چوڭ ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەۋاتقانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى، چۈشەنسىمۇ، چۈشەنمىسىمۇ ئارىلاپ باش لىڭشىتىپ قوياتتى.

قىش پەسلىدە سىلېزىيە ئاپئاق قار بىلەن قاپلىنىپ كۈمۈشتەك پارقىراپ كېتەتتى. ئەتراپتىكى بوك - باراقسان ئورمانلار خۇددى ئاپئاق دالىدىكى غايەت زور گۆھەردەك كۆز چاقناتاتتى. بلاۋئېر دادىسى بىلەن بىللە ئوۋ مىلتىقى ئېلىپ ئوۋ ئىتىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋ ئوۋلاشقا چىقتى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بلاۋئېر دادىسىغا ئۆزىنىڭ خىزمىتى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇلۇغۋار بىر خىزمەتنى

قىلىنغۇۋاتقانلىقىنى، بىراق تەجرىبە مەيدانىنىڭ تولىمۇ تار كېلىپ قالغانلىقىنى، كەڭ ـ كۆشادىرەك بىرەر جاينى تېپىشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— سەن نېمىشقا پېنسىيىمىندقا بېرىپ باقمايسەن؟ مەن ئۇ يەرگە ئۆز ئۇۋۇلاشقا بارغان. ئۇ يەرنىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى ئاز. بەلكىم ساڭا لايىق كېلىشى مۇمكىن، — دېدى دادىسى ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ.

— توغرا، مەن نېمىشقا ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرۈپ باقمايمەن؟ — دېدى بلاۋىئېر. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا چەكسىز كەتكەن يېشىل زۇمرەتتەك دالا كەلدى. ئۇ يەر چوقۇم ماڭا يارايدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

بلاۋىئېر قايتىپ كېتىشتىن بۇرۇن يېقىن ئەتراپتىكى بىر قىشلاقتا تۇرۇۋاتقان ھاممىسىنى يوقلاپ باردى، ئۇ يەردە بويىغا يېتىپ قالغان نەۋرە سىڭلىسى مارىيەنى كۆردى. مارىيەنىڭ قوڭۇر رەڭ بوستان چاچلىرى، ئويناپ تۇرغان كۆك كۆزلىرى كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى. مارىيە ئاجايىپ گۈزەل، نازاكەتلىك، خۇشخۇي مىجەزلىك قىز ئىدى. ئۇلار تاغدىن ـ باغدىن سۆزلىشىپ چۈشتىن كېيىنكى مىنۇتلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى. بلاۋىئېر قايتماقچى بولۇپ پىكاپقا چىققاندا، مارىيە شارپىسىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا بلاۋىئېر بىلەن خوشلاشتى. بۇ گۈزەل مىنۇتلار بلاۋىئېرنىڭ قەلبىگە نەقىش بولۇپ ئورنىدى.

بلاۋىئېر بېرلىنغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھاۋا ئارمىيىگە كىلىغا يېقىن جايدا پېنسىيىمىند راكېتا بازىسى قۇرۇش ئوينى ئوتتۇرىغا قويدى. ھاۋا ئارمىيىسى بلاۋىئېرنىڭ پىلانىنى دەرھال تەستىقلىدى ھەمدە تەييارلىق خىزمەتلىرىنى باشلىۋەتتى. بلاۋىئېر بازىنىڭ قۇرۇلۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش بىلەن بىللە كومدوفتىكى راكېتانى سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. ئۇ دائىم ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بېرلىن بىلەن پېنسىيىمىند ئارىلىقىدا قاتناپ يۈرۈپ ئىشلىدى، ئۇنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ ئالدىراش ئەمما رىتىملىق ئىدى. ئۇنىڭ

قوماندانلىق قىلىشى نەتىجىسىدە بالتىق دېڭىزى ساھىلىدا ناھايىتى چوڭ زاۋۇت سېخى، ئامبار، تەجرىبە بىناسى قۇرۇلۇپ گېرمانىيىنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ مۇرەككەپ ھاۋا ئارمىيە ئەسلىھەسى بارلىققا كەلدى. 3 ــ A نومۇرلۇق راكېتانىڭ تەتقىقاتىمۇ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. تورلۇك يېڭى زاپچاسلار ئۆزلۈكسىز ئىشلەپ چىقىرىلىشقا باشلىدى، مۇكەممەل بولغان ئۈچ ئۆلچەملىك كونترول قىلىپ باشقۇرۇش ئەسۋابى بىلەن ئۇچۇشنى خاتىرىلىگۈچى ئەسۋابمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىلدى. 1937 ـ يىلى فېۋرالدا پېنىيمىند راكېتا مەركىزى رەسمىي پۈتتى. بلاۋئېر كومىسدوفتىكى بىر قىسىم ئۇسكۇنە ۋە خادىملارنى بۇ يېڭى بازىغا يۆتكەپ كەلدى. پۈتۈن يۇرۇش 3 ــ A نومۇرلۇق راكېتامۇ بۇ دېڭىز ساھىلىغا يۆتكەپ كېلىندى. بۇ چوڭ زاۋۇتقا بلاۋئېرنىڭ بۇرۇنقى خىزمەتداشلىرى ئازلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىختىساس ئىگىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئېلانى چىقاردى. گېرمانىيىدىكى خېلى كۆپ كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەر، ھەرقايسى تېخنىكا كەسىپلىرىدىكى داڭلىق ئىختىساسلىقلار ئۇنىڭ يېنىغا توپلاندى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھەمراھى ردىلمۇ كەلدى. ئۇ كېيىن ئاساسلىق قۇرۇلۇش باشقۇرغۇچىغا ئايلاندى.

3 ــ A نومۇرلۇق راكېتا پېنىيمىندقا ئېلىپ كېلىنىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى قۇراشتۇرۇلدى. كۆپچىلىك، بۇ مۇكەممەل باشقۇرۇلىدىغان بومبا، چوقۇم كۈتۈلمىگەن مۆجىزە پەيدا قىلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى. 1973 ـ يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، بلاۋئېر تېخنىك خادىملارغا يېتەكچىلىك قىلىپ 3 ــ A نومۇرلۇق راكېتانىڭ قۇيرۇق قىسمىنى يەرگە قارىتىپ تىكلىدى ۋە تۈنجى قېتىم ئوربىتىسىز قويۇپ بەردى. قويۇپ بېرىشتىن ئىلگىرى راكېتانىڭ سىرتىغا يېشىل بوياق سۈركەلدى، بۇنداق قىلغاندا، راكېتادىن كاشىلا كۆرۈلۈپ راكېتا دېڭىزغا چۈشۈپ كەتسە ئاسان بايقىغىلى ۋە سۈزۈۋالغىلى بولاتتى. مۇزدەك سۇيۇق ئوكسىگېن

دېڭىز ساھىلىنىڭ نەم ھاۋاسى بىلەن بىرىكىپ سۇ تامچىلىرىنى ھاسىل قىلىۋالدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ راكېتا قېپىمۇ چۈشۈپ كەتتى. توك يولى ئۈزۈلۈپ قالدى. بلاۋئېر كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. جىددىي ئوڭشىغاندىن كېيىن، بلاۋئېر توك مەنبەسىگە ئۇلانغان كۇنۇپكىنى باستى، ئوت ئالدۇرغۇچى ئەسۋابىنىڭ ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى بولدى، 3 — A نومۇرلۇق راكېتا ئاستا ـ ئاستا يەردىن كۆتۈرۈلدى. تەخمىنەن 5 سېكۇنت ئۇچقاندىن كېيىن، راكېتانىڭ ئۈستىدىن بىر پاراشوت چۈشتى، بىراق ئۇ قىزىق ئوت پۇركۇش ئىقىمىغا كىرىپ قېلىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. راكېتا پىرقىراپ داۋالغۇغان پېتى دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى. تۇنجى قېتىملىق سىناق مەغلۇپ بولدى.

بلاۋئېر بۇ چوقۇم پارشۇتنىڭ بۇزۇلغانلىقى ۋە مېخانىكىلىق كاشىلىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، شۇنىڭغا ئالاقىدار جايلىرىنى قايتىدىن ئوڭشاپ، يەنە بىر قېتىم سىناق قىلىۋىدى، يەنە مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بلاۋئېر بارلىق تېخنىك خادىملارنى يىغىپ، مەغلۇپ بولۇشنىڭ سەۋەبىنى ئورتاق مۇزاكىرە قىلىپ تېپىشقا كىرىشتى. كۆپچىلىك بىرمۇبىر تەھلىل قىلىپ ئاخىر كاشىلا چوقۇم كونترول سىستېمىسىدىن چىققان دېگەن قاراشقا كەلدى. چۈنكى، 3 — A نومۇرلۇق راكېتانىڭ كونترول ئەسۋابىنى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بىر ئىنژېنېرى لايىھىلىگەنىدى. ئۇ ئۇرۇش پاراخوتىنىڭ كونترول سىستېمىسىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، ياساپ چىققان پىلدىراق ئەسۋابى چوڭ ھەم قورقۇنچلۇق ئىدى. بلاۋئېر بىر يۈرۈش يېڭى كونترول سىستېمىسىنى ياساش قارارىغا كەلدى ھەمدە ئۆزگەرتىپ ياسالغاندىن كېيىنكى 3 — A نومۇرلۇق راكېتانىڭ نامىنى 5 — A كە ئۆزگەرتتى. 4 — A نومۇرنى يەنە بىر مۇكەممەل راكېتاغا قالدۇرۇپ قويدى، بۇ كېيىنكى 2 — V نومۇرلۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىدى.

5 — A نومۇرلۇق راكېتا تەتقىقاتىغا 10 نەچچە ئاي ۋاقىت

كەتتى. بلاۋئېر بىر يۈرۈش يېڭى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى لايىھىلەپ چىقتى ھەمدە راكېتانىڭ كۆپ قىسىم زاپچاسلىرىنى ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ بىلەن راكېتا زاپچاسلىرىنىڭ ئىقتىدارى تېخىمۇ ئىلغارلاشتى. 1938 ـ يىلى يازدا 5 — A نومۇرلۇق راكېتانى ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. گەرچە يېڭى كونترول قىلىپ باشقۇرۇش سىستېمىسى تېخى ئورنىتىلمىغان بولسىمۇ، بىراق بىرنەچچە قېتىملىق سىناقنىڭ ھەممىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ھەربىي تەرەپ بلاۋئېرنىڭ خىزمىتىدىن تولىمۇ رازى بولدى ۋە شۇ چاغدىكى گېرمانىيىنىڭ فىئۇرېرى گىتلېرغا راكېتا تەتقىقاتى خىزمىتىنى دوكلات قىلدى، نەتىجىدە گىتلېر راكېتا تەتقىقاتىغا ئىنتايىن قىزىقتى ۋە ئۇنى قوللىدى.

1939 ـ يىلى 23 ـ مارت ھاۋا ناھايىتى سوغۇق بولۇپ، سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. كومدوف سىناق مەركىزىنىڭ ھەممە يېرى پاتقاق، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ غەش قىلاتتى. بۇ بىر قەھرىتان قىش كۈنى بولۇپ، ياۋروپانىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى جىددىي ئىدى. ھەربىر گېرمانىيە پۇقراسى گىتلېرنىڭ ئۇرۇش قوزغىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇرۇشنىڭ قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا تۇرغانلىقىنى بىلىشەتتى. بلاۋئېرمۇ خىزمەتداشلىرىغا ئوخشاشلا ئالاقزادە بولۇۋاتاتتى. سەۋەب بۇ كۈنى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەشكە ۋاقتى يوق. گىتلېرنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشكە كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىنغان بولغاچقا، ئۇ فىئورېرنى كۈتۈۋېلىشقا قاتناشمىسا بولمايتتى.

گىتلېر ئوق ئۆتمەس پىكاپتا ئولتۇرۇپ كومدوف سىناق مەركىزىگە كەلدى. بلاۋئېر سىناق مەركىزىنىڭ تېخنىكلىرى بىللە بىر سەپ تۈزۈپ ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ بۇ رەھبىرىنى قارشى ئالدى. بلاۋئېر گىتلېرنىڭ كۆرۈمسىز بۇرنىغا، كىچىككىنە بۇرۇتىغا، ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن يۈزىگە، بىر خىل جىددىي تۇس ئالغان تەلەتىگە زەن سالدى. گىتلېر

ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ راكېتا تەتقىقاتىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئۇقۇشتى.

بلاۋئېر گىتلېرغا ھەمراھ بولۇپ كومدوفتىكى كۆپلىگەن ئەسلىھەلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە گىتلېرگە ئەسلىھەلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، سىناق ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بلاۋئېر گىتلېرگە راكېتا دۋىگاتېلى ماتورىنىڭ ئىشلەش ئەھۋالىنى ئىشلەپ تونۇشتۇردى. گىتلېر مۇداپىئە تاختىيىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، قۇلىقىنى ئېتىۋالدى ـ دە، سۇس يېشىل رەڭلىك گاز پۇركۈگۈچكە تىكىلىپ قاراپ تۇردى. قۇلاقنى يارغۇدەك شاۋقۇن كۆتۈرۈلسىمۇ گىتلېرنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بىلىنمىگىنىگە قاراپ، بلاۋئېر گىتلېر تېخنىكىنى بىلمەيدىكەن، بولمىسا شۇنداق كۈچلۈك دۋىگاتېل ماتورىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چوقۇم ھەيران قالغان بولاتتى، دەپ ئويلىدى. ئۇ يەنە گىتلېرنى 5 ـــ A نومۇرلۇق راكېتانى قۇراشتۇرۇش جازىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى، قولىغا تۆمۈر تاياقچىنى ئېلىپ راكېتانىڭ سخېمىسىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، گىتلېر چۈشەندۈرۈشنىڭ ھەربىر ئىنچىكە ھالقىلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق ھېچقانداق باھا بەرمىدى. گىتلېر ئاخىر 5 ـــ A نومۇرلۇق راكېتانىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئاق پەلەي كىيىۋالغان ئوڭ قولى بىلەن راكېتا گەۋدىسىنى تۇتۇپ كۆردى ۋە بۇرۇلۇپ:

ـــ بۇ نەرسە نېمىگە ئىشلىتىلىدۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ جانابلىرى، بۇ بىر تەجرىبە بۇيۇمى، كونكرېت ئىقتىدارىنى بىز تېخى ئويلىشىپ كۆرمىدۇق. بىراق، ئۇنىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى ناھايىتى تېز، توشۇش ئىقتىدارىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇنىڭ بىلەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى توشۇغىلىمۇ بولىدۇ، ھەتتە ئۇنىڭ بىلەن ئادەمنى ئالەم بوشلۇقىغا چىقارغىلى بولىدۇ، ـــ دېدى بلاۋئېر. بلاۋئېرنىڭ گېپى تۈگەر ـ تۈگىمەيلا قورال ـ ياراغ باش تەپتىشى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى. گىتلېرنىڭ ئەمەلىيەتچىل ئادەم ئىكەنلىكىنى ھەربىي ئىشلارغا



www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا قىلچە قىزىقمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇندىن تارتىپ ئارمىيىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كاتتىۋاشلارنىڭ گىتلېردىن بۇنچىۋالا كۆپ پۇل خەجلەپ راكېتا ياساشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار دەپ سورىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ بلاۋئېرنىڭ ئالىم قاتىنىشى توغرىسىدا سۆز قىلىپ ، گىتلېرنىڭ راكېتا پىلانىغا قارشى تۇرۇشىدىن قورقۇپ:

ــ جانابلىرى، بىز تېخى 5 ــ A نومۇرلۇق راكېتانى تەتقىق قىلىۋاتىمىز، ئۇنى مۇكەممەل ياساپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىر توننا ئېغىرلىقتىكى پارتلاتقۇچنى ئېلىپ 300 كىلومېتىر مۇساپىنى باسقىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز ھەربىي ئىشلاردا زور تەھدىت پەيدا قىلالايمىز، ــ دېدى. روشەنكى، گىتلېر بۇ ئىشقا تولىمۇ قىزىقىپ قالدى.

گىتلېرنىڭ كومدوفنى كۆزدىن كەچۈرگەنلىكى بىر دەمنىڭ ئىچىدە پۈتۈن ناتسىستلار پارتىيىسىگە تارالدى، يۇقىرى دەرىجىلىك بىر قىسىم ئەمەلدارلار گىتلېرنى دوراپ كومدوفقا كېلىپ بۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە، راكېتا تەتقىقاتىنى مەبلەغ ۋە باشقا جەھەتلەردىن قوللاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بلاۋئېرنىڭ ئىشلىرىمۇ كۈنسايىن روناق تاپتى.

1939 ـ يىلى كۈزدە ئۇرۇش پارتلىدى. گېرمانىيە ھەدەپ «غالىب» كەلدى، پېنىمىند راكېتا تەتقىقات مەركىزى ھېچقانداق دەخلىگە ئۇچرىمىدى. بلاۋئېر تېخنىكلار بىلەن بىللە، 5 ــ A نومۇرلۇق راكېتانى بىر خىلدا تەتقىق قىلىۋەردى. گېرمانىيە پولشانى بېسىۋېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇلار يېڭى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى 5 ــ A نومۇرلۇق راكېتاغا ئورناتتى ۋە تىزگىنلىنىدىغان تۇنجى 5 ــ A نومۇرلۇق راكېتانى سىناق قىلىپ قويۇپ بەردى. ئىنچىكە، ئۇزۇن باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش سۇپىسىدىن مەزمۇت كۆتۈرۈلۈپ قىلچە تەۋرەنمەستىن، بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى. ئارىدىن 5 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، راكېتا پاراشوت بىلەن پەيدا بولدى ۋە

ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلەپ بالتىق دېڭىزىغا چۈشتى، سۇزگۈچى كېمە دەرھال بېرىپ ئۇنى سۇزۇۋالدى. بۇ قېتىمقى قويۇپ بېرىش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. راكېتا تىك ئۆرلەپ 13 كىلومېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ، ئىلگىرى كۆتۈرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىككە چىقتى. 1940 ـ يىلى پېنىيمىندىنىڭ باش قوماندانى بلاۋئېرغا:

— بىز ئەمدى 5 — A نومۇرلۇق راكېتا تەتقىقاتىنى توختىتايلى، قورال ـ ياراغ باشقارمىسى بىزنىڭ سىناق تەجرىبىمىزنى ئۇزاققىچە قوللاپ كەتمەسلىكى مۇمكىن، ئۇلار ھازىر ھەربىي قورال ـ ياراغقا موھتاج. ئەگەر بىز قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ پىكرىنى ئويلىشىپ كۆرمىسەك ئۇلار بىزگە بېرىدىغان مەبلەغ ياردەمنى توختىتىۋېتىدۇ، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، 1940 ـ يىلى يازدىن باشلاپ، بلاۋئېر پېنىيمىندىكى بارلىق تېخنىكلارنى يېتەكلەپ پۈتۈن كۈچى بىلەن 2 — V تەتقىقاتىغا ئاتلاندى. بىراق، 5 — A تىپلىق راكېتانىڭ مۇساپىسىنى ئاشۇرۇش ۋە توشۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. قۇرۇلۇشتىكى مەسىلىلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ھەربىر ئۆزگەرتىش تۈرى بىر چوڭ مەسىلىگە بېرىپ تاقىلىپ، ئادەمگە خۇددى قايىنامغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. بلاۋئېر زېھنىي قۇۋۋىتى تولۇق، قەيسەر ئىرادىلىك بولغاچقا، ئىنژېنېرلارنى تەشكىللەپ بىر ـ بىرىدىن قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئوكسىگېن چىقىرىش ئەسۋابىنى ئۆزگەرتتى. دۆڭگاتېل ماتورىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى، شامال تەجرىبىخانىسى بىلەن ئېلېكترون تەجرىبىخانىسىنى قۇردى. كەمتەر، تىرىشچان، مۇلايىم بلاۋئېر دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەردە تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇتەخەسسىسلەردىن مەسلىھەت سورىدى. ئارمىيە سىرتىدىكى زاتلارنى بۇ بازىغا كېلىپ دۆلەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا قىزغىنلىق بىلەن تەكلىپ قىلدى. مەسىلەن، ئۇ دۆڭگاتېل ماتور تەتقىقاتىنى دوكتور ۋالتېر

تىلغا، شامال ساندۇقى تەجرىبىخانىسىنى دوكتور رۇدولف هېرمانغا تاپشۇردى. بلاۋئېر ئۆز تەۋەسىدىكىلەرنىڭ خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى، ئۇ ئۇلار بىلەن ھەم خىزمەتداش، ھەم دوست بولۇپ ئۆتتى، ئۇلارغا ئازادە خىزمەت مۇھىتى يارىتىپ بەردى. ئۇ بىرلىنىغا بېرىپ داڭلىق مەكتەپلەردىكى پروفېسسورلار، يەنى ئىنژېنېرلار، فىزىكا، خىمىيە پروفېسسورلىرىنىڭ كېلىپ ياردەم قىلىشىنى تەكلىپ قىلىپ، بىر تەرەپتىن تەتقىقات خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن پروفېسسورلارنىڭ يولۇققان ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. چۈنكى، ئەينى چاغدا نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەردىن ئەسكەر قوبۇل قىلىنغاچقا، ھۆكۈمەتنىڭ تەتقىقات خىزمىتىگە قاتناشقاندا ئەسكەر بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. ناتسىستلارنىڭ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىنى توسقىلى بولاتتى. شۇڭا، بلاۋئېر ئالىي مەكتەپلەر ئەڭ قارشى ئالىدىغان شەخسكە ئايلاندى. نۇرغۇن پروفېسسورلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى.

ئىككى يىلدىن كۆپرەك جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق تۇنجى V ــ 2 تىپلىق راكېتا قۇراشتۇرۇلدى. بلاۋئېر ئومۇمىي جەھەتتىن سىناق قىلىشنى قارار قىلدى. گىرافوسۋارد ئارىلىدا ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق، كۆك خۇددى باھار ئاسمىنىدەك سۈزۈك ئىدى. بلاۋئېر تېخنىكلارغا قوماندانلىق قىلىپ V ــ 2 تىپلىق غايەت زور راكېتانى تىكلەپ، ئاخىرقى قېتىم تېخنىكا جەھەتتىن تەكشۈردى، ئاندىن بىخەتەر جايغا يۆتكىلىپ ئوت ئالدۇرۇش كۇنۇپكىسىنى باستى. دۈگىلىپ ماتورىدىن قورقۇنچلۇق گۈركىرىگەن ئاۋاز چىقتى، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھەيۋەت بىلەن ئۆرلەپ بىر سېكۇنتتىن كېيىن، يېقىلغۇ تەمىنلەش ئۈسكۈنىسىدىن كاشىلا چىقىپ، يەرگە چۈشۈپ پارتلاپ كەتتى، شۇنداق قىلىپ V ــ 2 تىپلىق راكېتا زور پارتلاش بىلەن بەربات بولدى. بىر ئايدىن كېيىن، ئۇلار ئىككىنچى راكېتا قويۇپ

بەردى، راكېتا 45 سېكۇنت ئۇچتى، بلاۋئېرنىڭ جىددىيلەشكەن كۆڭلى سەل ئارامغا چۈشتى. ئۇ ئەمدى ئۇھ دەپ تۇرۇشىغا، راكېتا تۇيۇقسىز داۋالغۇپ ئىرغاڭلاشقا باشلىدى. ئارقىدىن ئاق تۇمان كۆتۈرۈلدى، ئۇ ئاسماندا پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى ئۇسكۇنىلەرنىڭ سىرتقى قېپىنىڭ ناھايىتى چۈرۈك بولغانلىقى ئىدى. بلاۋئېر دەرھال قايتا ئۆزگەرتىپ ياساشقا كىرىشتى.

1942 - يىلى 3 - ئۆكتەبىر 2 — V تىپلىق راكېتا تۇنجى قېتىم ئوڭۇشلۇق سىناق قىلىندى. ئوت يېقىلىشى بىلەن تەڭ راكېتا ئاسمانغا مەزمۇت كۆتۈرۈلدى، بىر مىنۇتتىن كېيىن ئايلىنىپ ئۇچۇشقا باشلىدى، بەش مىنۇتتىن كېيىن بالتىق دېڭىزىغا چۈشتى. راكېتانىڭ مەلۇمات ئاپپاراتىدىن سىگنال چىقىپ تۇراتتى، بازىدىكىلەر ئۇنىڭ ئايلىنىش ئوربىتىسىنى ئېنىق خاتىرىلىۋالدى. دېڭىز ئارمىيىسىدىكىلەر بەلگىلەنگەن جايدىن ئۇنى تاپتى. بۇ قېتىم 2 — V تىپلىق راكېتانىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۇچۇش ئېگىزلىكى 85 كىلومېتىرغا، ئەڭ ئۇزۇن مۇساپىسى 190 كىلومېتىرغا يەتتى. بلاۋئېر ۋە مۇتەخەسسىسلەر بۇنىڭدىن خېلى رازى بولۇشتى. ئۇلار ئالەم كېمىسى مەيدانغا كەلدى. 2 — V تىپلىق راكېتا ئادەمنى يەر شارىنىڭ سىرتىدىكى ئالەم بوشلۇقىغا ئەكىرەلەيدىغان بولدى، دەپ قارىدى.

بىراق، ھەربىي تەرەپ 2 — V تىپلىق راكېتانىڭ ئېنىقلىمىسىغا ئۇنداق تەدبىر بەرمىدى. يەنى ئۇلار 2 — V تىپلىق راكېتا بىر خىل قورقۇنچلۇق، سىرلىق قورال ئىكەن دەپ قارىدى. 1942 - يىلى ئەنگلىيە بوغۇزىدىكى ھاۋا ئۇرۇشىدا ھەدەپ مەغلۇپ بولۇۋاتقان گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى، پۈتۈن ئۈمىدىنى 2 — V تىپلىق راكېتاغا باغلىدى. ئۇلار 2 — V تىپلىق راكېتانىڭ كۈچىگە تايىنىپ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ كەسكىن شىددەتلىك ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشنى ئۈمىد قىلدى.

# ئالتىنچى باب ئەنگلىيىنى بومباردىمان قىلىش

ھازىرقى زامان ئۇرۇشى پەقەت ئادەملەرنىڭ كۈچ سىستېمىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى قورال - ياراغلارنىڭ كۈچ سىستېمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گىتلېر دەسلەپ ئاتوم بومبىسى بىلەن باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياساپ چىقىشقا ئانچە قىزىقمىدى، بىراق بارغانسېرى قىينىلىپ، قىسىملار ئۇدا تالاپەتكە ئۇچرىغان ئەھۋالدا ئۇ ئاندىن بۇ ئىككى خىل بومبىنى تەتقىق قىلىپ ياساشقا كۆڭۈل بۆلدى. شۇڭا، 2 ــ V تىپلىق راكېتانىڭ ئۇڭۇشلۇق سىناق قىلىنىشىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇنىڭدىكى راكېتاغا بولغان بىنورمال قاراش ۋە تۇيغۇلار بىراقلا يوقىلىپ راكېتا ھەۋىسى قوزغالدى. گىتلېر باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئۆزىنىڭ مەخپىي قورالى، نىجاتلىق يۇلتۇزى دەپ قاراپ، ھەربىي تەرەپكە ئۇنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرۇلۇق يولیورۇق بەردى. ناتسىستلارنىڭ بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك نوپۇزلۇق ئەمەلدارلىرى گىتلېرنى دوراپ بلاۋئېرغا 2 ــ V تىپلىق راكېتانى كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن 2 ــ V تىپلىق راكېتادىكى بەزى مەسىلىلەر تېخى تەلتۆكۈس ھەل قىلىنمىغان، ئۇنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى، ئىشەنچلىكلىكى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان ئەھۋالدا پېنىيمىندىنىڭ جەنۇبىدا 2 ــ V ئىشلەپ چىقىرىش زاۋۇتى قۇرۇلدى ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ زاپچاسلىرى تۇركۈملەپ ئىشلەپ چىرىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ بازىغا نەچچە ئون مىڭ ئەسكەر قوبۇل قىلىندى، ئۇلار 2 ــ V تىپلىق راكېتانى قويۇپ بېرىش مەشقى ئېلىپ

بېرىپ، ئۇرۇشقا ھازىرلاندى. يېڭىلىۋېرىپ كۆزلىرى قانغا تولغان گىتلېر 2 — V تىپلىق راكېتانى دو تىكىپ ۋېينا، بېرلىن، فرېدرىك پورتىدا «ئۇچار بومبا» ئىشلەپ چىقىرىش بازىسى قۇردى.

1943 - يىلى 28 - ئىيۇن ناتسىستلارنىڭ كاتتىۋېشى ھېنرىھ ھىملېر پېنىمىندىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى. بازا قوماندانى ۋە بلاۋئېر ئۇ بىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرەرمۇ ياكى ئىشىمىزغا قول تىقارمۇ دەپ تولىمۇ قورقتى ۋە ئەندىشە قىلدى. شۇڭا، ئۇلار ھىملېرنى كۈتۈۋالغاندا تولىمۇ ئېھتىياتچان بولدى. ئۇلار ئالدى بىلەن كوماندىرلار ئاشخانىسىدا بۇ داڭلىق شەخسنى كۈتۈۋالدى، ئاندىن 2 — V تىپلىق راكېتا ئىشلەپ چىقىرىش پىلانىنى دوكلات قىلدى. ئەتىسى سائەت 9 دا ھىملېرنى كۆرۈش سۇپىسىغا تەكلىپ قىلىپ، 2 — V تىپلىق راكېتانى قويۇپ بەردى. ئەتۇر ھېسابلاش ۋاقتى توشتى، راكېتا ئوت ئېلىپ ئۆرلەشكە باشلىدى. ئارقىدىن تۇيۇقسىز پىرقىراشقا باشلىدى، راكېتادىن كىشىنىڭ قورققۇسى كەلگۇدەك ئىس - تۈتەك چىقتى - دە، ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى ھاۋا ئارمىيە ئايرودرومىغا چۈشۈپ كەتتى. سەككىز تونىدىن ئارتۇق سۇيۇق ئوكسىگېن ۋە ئىسپىرت بىراقلا پارتلاپ ئايرودرومدا توختىتىپ قويۇلغان ئۈچ ئايروپىلان پارتلاپ پاچاقلىنىپ كەتتى. ئۇچۇش يولىنىڭ نەچچە ئون مېتىر ئارىلىقىدا ئازگال پەيدا بولدى. بۇ دەھشەتلىك پارتلاشتىن قورقۇپ كەتكەن ھىملېرنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن سوغۇق تەر قۇيۇلدى. ئۇ بلاۋئېرغا:

— بولدى، ئەمدى سىلەرنىڭ بۇ ئۇچار بومباڭلارنى خىيال قىلمايمەن. بېرلىنغا خاتىرجەم كېتىۋالمىسام بولمىغۇدەك، — دېدى. ئۇنىڭ بۇ نەشتەردەك گېپى بلاۋئېرنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تەگدى.

بلاۋئېر ھىملېرنى ئىككىنچى قېتىمقىسىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. 50 مىنۇتلاردىن كېيىن، ئۇستىۋېشى چىلىق -

چىلىق تەر باسقان بىر گۇرۇپپا ئىنژېنېرلارنى يەنە بىر 2 ــ V تىپلىق راكېتانى قويۇپ بېرىش سىناقىغا تەكلىپ قىلدى، راكېتا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش پونكىتىدىن تېلېفون كېلىپ، راكېتانىڭ 239 كىلومېتىر نېرىدىكى بالتىق دېڭىزىغا چۈشكەنلىكى ئۇقتۇرۇلدى.

ھىملېرنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈنمەيتتى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ بايىقى ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ غايەت زور قۇدرىتىدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقىلى تاسلا قالغانىدى. ھىملېر ئىنتايىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە كۆڭلىدە قانداق قىلىپ بۇ راكېتا قىسمىنى ئالىقىنىغا كىرگۈزۈش ھەققىدە چوت سوقتى.

1943 ـ يىلى بلاۋئېر گىتلېر بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولدى. ئۇ چاغدا گىتلېر ماڭىدىغان يول تاپالماي قالغانىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە گېرمانىيىنىڭ شەھەرلىرىنى توختىماي بومباردىمان قىلىۋاتاتتى. مۇشۇنداق پەيتتە بۇنداق قورالنىڭ مەيدانغا كېلىشى كەڭ خەلققە زور ئىلھام بېرەتتى. بلاۋئېر گىتلېرگە 2 ــ V تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى سىناق قىلىش ئەھۋالى ئېلىنغان لېنتىنى قويۇپ بەردى، گىتلېر بىر ياقتىن بلاۋئېرنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىسا، بىر ياقتىن ھەر خىل سوئاللارنى سورىدى.

ــ راكېتانىڭ باش قىسمىغا بىر توننا ئېغىرلىقتىكى TNT پارتلاتقۇچ دورىسىنى قاچىلىغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن راكېتا سېكۇنتىغا 1000 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن يەرگە سوقۇلىدۇ، ئۇنىڭ يەرگە چۈشكەندىكى كۈچى قانچە كۈچلۈك بولسا، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى ۋە رولى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، ــ دېدى بلاۋئېر ئاستا چۈشەندۈرۈپ، بۇنى ئاڭلاپ گىتلېر ئويلانغان

ھالـدا بېشىـنى كۆتـۈردى. ئـورنىدىـن تـۇرۇپ ئىككى قولىـنى كەينىگە قىلىپ:

— پروفـېسسور، مـەن سىزنىـڭ نەزەرىيىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن، مېنىڭچە بولغاندا، يەرگە قونۇش سۈرئىتى شۇنداق يۇقىرى بولسا، ئۇ ئىنتايىن سەزگۈر كۆچكە موھتاج بولىدۇ. بولمىسا، بومبىنىڭ بېشى يەرگە پېتىپ قالىدۇ ـ دە، پارتلاش كۈچىدىن چوڭ بىر ئورەك ھاسىل بولىدۇ، — دېدى گىتلېر.

بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە، گىتلېر 2 — V تىپلىق راكېتانى مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئالدىن ئىشلەپ چىقىرىدىغان ھەربىي قوراللار تۈرىگە كىرگۈزدى. بلاۋئېرغا ئاتالمىش شەرەپلىك پروفېسسور دەپ نام بەردى. ناتسىستلارنىڭ بۇ «كاتتىۋېشى» بلاۋئېرنى ئارقا تىرەك قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرماقچى بولدى.

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر گېرمانىيىنىڭ 2 — V تىپلىق راكېتانى تەتقىق قىلىپ ياسىغانلىقى ۋە ئىشلەپ چىقارغانلىقى ھەققىدىكى مەخپىيەتلىكنى بىلىۋالدى. 1943 ـ يىلى 17 ـ ئاۋغۇست تۈن نىسپىدە ئەنگلىيە خان جەمەتى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 571 بومباردىمانچى ئايروپىلانى 45 كۈرەشچى ئايروپىلانىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئەمدىلا 2 — V تىپلىق راكېتا ئىشلەپ چىقىرىشقا كىرىشكەن پېنىمىنىد راكېتا تەتقىقات بازىسىنى قاتتىق بومباردىمان قىلدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈپ پارتلاش ئەۋجىگە چىقتى. زاۋۇت ئۆيى بىردەمدىلا تۈپتۈز بولۇپ، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر پاچاقلىنىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيە خان جەمەتى ھاۋا ئارمىيىسى يەنە 2 — V تىپلىق راكېتانى ئىشلەپ چىقىرىدىغان ئۈچ زاۋۇتنىمۇ پارتلىتىپ تۈپتۈز قىلىۋەتتى.

بۇ قېتىمقى زور ھاۋا ھۇجۇمىدىن كېيىن، پېنىمىنىدنىڭ راكېتانى ئىشلەپ چىقىرىش ئىقتىدارى ئاساسىي جەھەتتىن يوقالدى. گىتلېر راكېتانى يەر ئاستىدا ئىشلەپ چىقىرىشقا

مەجبۇر بولدى، قوزغاتقۇچ مەركىزى نورد خوربېن شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى هارز تېغى ئارىسىغا قۇرۇلدى. بۇ ئورۇش ۋاقتىدىكى گېرمانىيە بويىچە ئەڭ چوڭ يەر ئاستى زاۋۇتى بولۇپ، مىتتېل زاۋۇتى دەپ ئاتالاتتى. بارلىق سىېخ ۋە ئەسلىهەلەرنىڭ ھەممىسى يەر ئاستىدا ئىدى. زاۋۇتنى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئېس ـ ئېسچىلىرى باشقۇراتتى، ئىشچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن تۇتۇلغان ئەسىرلەر ئىدى. ئېس ـ ئېسچىلار ئەسىرلەرنى قاتتىق خارلايتتى ۋە ئۆلتۈرەتتى. مىتتېل زاۋۇتى بەئەينى تۇرمىنىڭ ئۆزى ئىدى. ھاۋا ھۇجۇمىدىن كېيىن بلاۋئېر يەنىلا پېنىمۈندىتا قېلىپ باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەتقىقات خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 2 ــ V تىپلىق راكېتانى ئىشلەپ چىقىرىش ۋەزىپىسىنى باشقىلارغا تاپشۇردى.

بلاۋئېر يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 2 ــ V تىپلىق راكېتانىڭ ئەمەلىي جەڭدىكى تېخنىكىلىق مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ ئىككى خىل لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرى، باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى مۇقىم نۇقتىدىن قويۇپ بېرىشنى يەر ئاستىدىن قويۇپ بېرىشكە ئۆزگەرتىش؛ يەنە بىرى، «كۆچمە قورغان» ياساش، يەنى، راكېتا قويۇپ بېرىش ماشىنىسى ۋە يۆرۈشلۈك ماشىنىلاردىن پايدىلىنىپ باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش ئىدى. باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش قۇدۇقى خېلى بىخەتەر ئىدى، بىراق ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، كولىنىۋاتقان قۇدۇقنى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ پارتلىتىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. (1944 ـ يىلى ئەتىيازدا يەتتە مېتىر قېلىنلىقتىكى قۇدۇق تېمى ئەمدىلا قويۇرۇلۇپ بولغاندا، ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئۇنى تەلتۆكۈس پارتلىتىۋەتتى). «كۆچمە قورغان»دىن پايدىلىنىش سەل خەتەرلىك بولسىمۇ، بىراق ماشىنىلارنى ئالماشتۇرغىلى ۋە يوشۇرغىلى بولاتتى. بازا قوماندانى دوئېر بېگىل «كۆچمە قورغان»نى تەتقىق قىلىپ

ياساشقا كىرىشتى، كېيىن ئەمەلىي ئۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، لوندونغا قويۇپ بېرىلگەن 2 ــ V تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا دەل گوللاندىيىنىڭ گائاگا ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆچمە قورغاندىن قويۇپ بېرىلگەنىدى.

1943 ـ يىلى يازدا بلاۋئېر بىر «شەخسىي ئىش»نى قوبۇل قىلىپ يۇقىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەيلا، دېڭىز ئارمىيىسى ئۇچۇن سۇ ئاستى باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەتقىق قىلىپ ياساشقا كىرىشتى. بۇ پىلاننى ستېينھوف دەيدىغان ئوفىتسېر ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ شۇ چاغدا گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ باشلىقى ئىدى. بلاۋئېر راكېتا مۇتەخەسسىسلىرى ۋە دېڭىز ئارمىيىسى ئوفىتسېرى ستېينھوف بىلەن بىرلىكتە مەخپىي يىغىن ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەۋەككۈلچىلىككە ئامراق كىشىلەر ئىدى. بلاۋئېر ياردەمچىلىرى بىلەن بىرلىكتە سخېمىنى سىزىپ چىقتى، قارشى بېسىم، سۇنىڭ قارشىلىقى ۋە ئوت ئالدۇرۇش ئەسۋابىنىڭ ئىقتىدارىغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. 12 سائەتتىن كېيىن ئۇلار دەسلەپكى لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئۇسۇلغا ئاساسەن، سۇ ئاستى پاراخوتىغا راكېتا قويۇپ بېرىش جازىسىدىن ئالتىسى ياسىلاتتى. ھەربىر قويۇپ بېرىش جازىسىغا بىر دانە راكېتا ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. ئوت ئالدۇرغۇچى سىمى سۇ ئاستى كېمىنىڭ كونترول ئۆيىگە ئۇلىناتتى، راكېتانى پاراخوت خادىملىرى قويۇپ بېرەتتى. لايىھە بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن بلاۋئېر بازا قوماندانى دوئېر بېگىلغا ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. گېنېرال بۇ پىلانغا قارشى تۇرمىدى، بىراق بۇنى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

— سىز ئىككى ـ ئۈچ ھەپتە دەم ئېلىپ بىز بىلەن بىللە ئىشلەڭ، ئۇنىڭدىن باشقا بىر دانە سۇ ئاستى پاراخوتى تېپىپ كېلىڭ، — دەپ تاپىلىدى بلاۋئېر ستېينھوفقا.

ستېينھوف دەرھال ئۆز ئورنىغا قايتتى، ئۇنىڭ باشلىقى دەم

ئېلىشقا چىقاي دەپ قالغان گېنېرال بولۇپ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئوبدان ئادەم ئىدى.

ـــ پەقەت سۇ ئاستى پاراخوتىنى ھەيدەپ بېرىپ ئامېرىكىغا تەسلىم بولمىسىڭىزلا، ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ، ـــ دېدى گېنېرال ستېينھوفقا.

ئىككى ھەپتىدىن كۆپرەك ئالدىراش ئىشلەش ئارقىلىق سۇ ئاستى كېمىسىگە راكېتا قاچىلىنىپ بولدى. بلاۋئېر بىلەن ستېينھوف سۇ ئاستى كېمىسىگە چىقتى. كېمە 30 مېتىر چوڭقۇرلۇققا چۆكتۈرۈلدى. بلاۋئېر ۋاقىتنى تەتۈر ھېسابلاپ راكېتانى ئېتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، قوماندان ستېينھوف كۇنۇپكىنى باستى، سۇ ئاستىدىن غوڭۇلدىغان ئاۋاز كېلىپ، ئالتە دانە باشقۇرۇلىدىغان بومبا خادا تاشلارنى بۆسۈپ پارتلاپ، راكېتا تەتقىقاتىغا يېڭى مۇۋەپپەقىيەت بەخش ئەتتى. بۇ خەۋەر دېڭىز ئارمىيىسىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىرلىرىدىكى ئەمەلدارلارنى ئانچە قىزىقتۇرالمىدى، ئۇلار راكېتا جازىسى پاراخوتنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىۋېتىدۇ دەپ قارىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىستىقباللىق بۇ كەشپىيات سۇغا چىلاشتى.

1944 ـ يىلى فېۋرالدا فون بلاۋئېرغا بىر تېلېفون كەلدى، ئۇنىڭغا دەرھال شەرقىي پرۇسسىيىدىكى ھىملېرنىڭ قوماندانلىق شتابىغا كېلىپ خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش ئۇقتۇرۇلدى، ھىملېر ناتسىستلار پارتىيىسى ئېسئېسچىلار ئەترىتىنىڭ كاتتىۋېشى بولۇپ، بىر ياۋۇز قانخور ئالۋاستى ئىدى. بلاۋئېر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىن ناھايىتى قورقاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئۇ ناتسىستلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئالاقە قىلىپ كەلگەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي قايىنامغا كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، بۇ قېتىم يوشۇرۇنۇۋېلىشقا پەقەت ئامال بولمىدى.

ھىملېرنىڭ ئىشخانىسى ناھايىتى ئازادە ۋە ھەشەمەتلىك ئىدى، ئىشخانىنىڭ دېرىزىلىرى غەربكە قارىتىپ ئېچىلغان

بولۇپ، گۈللۈك پەردە تارتىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنئەنىۋى بۈركۈت باشلىق شىر تەنلىك مەخلۇق بىلەن گېرمانىيە كاتتىۋا چېركاۋىنىڭ سۈرىتى ئېسىلغانىدى. ئىشخانا ئىچىگە پار قىراپ تۇرغان ئاجايىپ چىرايلىق ئېسىل جابدۇقلار بىلەن نۇرغۇن گۈللەر تىزىلغان، يەرگە ئىران گىلىمى سېلىنغان، تامغا 19 ـ ئەسىرنىڭ داڭلىق رەسىمى ئېسىلغانىدى. ھىملېر كەڭ ئىش ئۈستىلىنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ بلاۋئېرغا تىكىلىپ قاراپ:

— مەن سىزنىڭ مۇنداق بىر ئىشنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، سىزنىڭ 2 — V تىپلىق راكېتايىڭىز ئويۇنچۇق ئەمەس، پۈتۈن گېرمانىيە خەلقى بۇ سىرلىق قورالغا ئىنتىزار بولۇۋاتىدۇ. بىراق، قورقۇنچلۇق ئارمىيە سۆرەلمىلىك قىلىپ، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە ئېغىر توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. سىز نېمىشقا مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ئىشلىمەيسىز؟ سىزگە مەلۇم، ھېچقانداق بىر ئادەم مېنىڭدەك گېنىرال بىلەن ئاسانلا كۆرۈشۈشكە نائىل بولالمايدۇ. مەن سىزنى ھېلىقى كونىلىقىدا ئېسىلىۋالىدىغان گېنىراللاردىن بەكرەك قوللايمەن، — دېدى.

— جانابلىرى، — دېدى بلاۋئېر جاۋابەن، — مەن گېنىرال دوئېر بېگىلىدىن ياخشىراق رەھبەرنى تاپالمىدىم. تېخنىكىلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خىزمىتىمىز ئاقساپ قېلىۋاتىدۇ، بۇ ئىش بېجىرىشتىكى سۆرەلمىلىكتىن ئەمەس، سىز بىلىسىز، 2 — V بىر دەستە غۇنچىغا ئوخشايدۇ، ئۇنى ئېچىلدۇرۇش ئۈچۈن، قۇياش نۇرى، ئوغۇت ۋە چىرايلىق باغچە، زىل باغۋەن بولمىسا بولمايدۇ، بىراق مۇنداق بىر ئىشتىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن، سىزنىڭ ھازىرقى پىلانىڭىز بىر كۆلچەككە يىغىلغان سېسىق سۇغا ئوخشايدۇ. بۇ ئاشۇ غۇنچىلارنى نابۇت قىلىۋېتىشى مۇمكىن، — دېدى.

ھىملېر سوغۇق كۈلۈپ قويدى، ئاندىن دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ـ دە، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى. ئىككى مىنۇتچە

سۆزلەشكەندىن كېيىن ئەدەپ بىلەن خوشلىشىپ بلاۋئېرغا چىقىپ كېتىشكە ئىجازەت بەردى. بلاۋئېر ئۇنىڭ سىپايىلىكىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى، بىر سۇيىقەست تورىنىڭ يېيىلىپ ئۆزىگە ئاستا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

1944 ـ يىلى 15 ـ مارت كېچە ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى. بلاۋئېر ھۇجرىسىدا كىتاب كۆرۈۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئىشىك قاتتىق چېكىلدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىشى بىلەن بىرنەچچە مەخپىي ساقچى بېسىپ كىردى ـ دە، ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوقلا بلاۋئېرنىڭ قولىغا كويزا سالدى. ئۇلار بلاۋئېرنى 2 ــ V تىپلىق راكېتا پىلانىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئالغانىدى. گېستاپوچىلار بلاۋئېر ۋە ئۇنىڭ ئىككى خىزمەتچىسىنى ئېلىپ تۈن قاراڭغۇسىدا پېنىمىندىتىن ئايرىلدى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، كامېرنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، پېنىمىندىنىڭ قوماندانى دوئېر بېگىل كىرىپ كەلدى. ئۇ بلاۋئېرنى چىڭ قۇچاقلاپ:

ــ بلاۋئېر، سىز ئەركىنلىككە چىقتىڭىز، ــ دېدى.

دوئېر بېگىل بلاۋئېرغا ئۇنىڭ قانداق بولۇپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بەردى. ئەسلىي ھىملېر پېنىمىندىقا يېقىن جايغا مەخپىي رازۋېدكىچى ئورۇنلاشتۇرغان. بىر قېتىم بلاۋئېر قاۋاقخانىدا ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئالەمگە ساياھەت قىلىش توغرىسىدا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلغاندا، قاۋاقخانىدىكى بىر ئايال دوختۇر ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ خوتۇن ئۇ يەر بۇ ـ يەردىن ئاڭلىغانلىرىنى مۇبالىغە قىلىپ، ھىملېرغا « بلاۋئېر بىلەن خىزمەتداشلىرى ئۆزلىرىنىڭ راكېتىنى ھەرگىزمۇ ئۇرۇش قورالى قىلىش ئۈچۈن ياسىمىغانلىقىنى؛ پەقەت تاشقى بوشلۇق بىلەنلا بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى؛ ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتى پەقەت ئالەمنى ساياھەت قىلىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەشتى» دەپ دوكلات

قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ھىملېر ئاساسسىز پاكىتنى دەستەك قىلىپ، بلاۋئېر پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتى ۋە ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ 2 — V. تىپلىق ئۇرۇش قورالىنى ئىشلەپ چىقىرىشقا كىرىشمەپتۇ، ئۇ دۆلەتكە ساداقەتسىزلىك قىلدى ۋە بۇزغۇنچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئۇ يەنە بلاۋئېر بارلىق ماتېرىياللارنى ئېلىپ ئەنگلىيىگە قاچماقچى بولغان، بلاۋئېرنىڭ كىچىك تىپتىكى ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ گېرمانىيىنىڭ جاي - جايلىرىدا قاتراپ يۈرگىنىنىڭ سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك دەپ ھۆكۈم قىلغان ۋە بلاۋئېرنى تۇتقۇن قىلغان.

بىراق، گېنېرال دوئېر بېگىل ۋە باشقا گېنېراللارنىڭ بلاۋئېرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى، 2 — V تىپلىق راكېتانىڭ ئەمەلىي ئۇرۇشتا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بەزى مەسىلىلەرنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىملېرنىڭ يەنىلا بلاۋئېرنى ئۆزىگە تارتماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ راكېتا مۇتەخەسسىسى بەختكە يارىشا قۇتۇلۇپ قالغان ھەمدە يولۋاس ئاغزىغا كىرىپ يەنە ئامان - ئېسەن چىققانىدى.

1944 - يىلى ئىيۇل قۇرۇقلۇق ئارمىيىدىكى بىر قىسىم ئەمەلدارلارنىڭ گىتلېرنى قەستلەش سۇيىقەستى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ ئىناۋىتى بىراقلا چۈشۈپ كەتتى، بىراق ئېس - ئېسچىلارنىڭ ئورنى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھىملېر پەردە ئارقىسىدا قوماندانلىق قىلىپ، باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسمىنى، پېنىيمىند بازىسىنى، مېتىل زاۋۇتىنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالدى. ئۇنىڭ قولچوماقچىسى، ئېس - ئېسچىلارنىڭ گېنېرالى كارمول پېنىيمىندنىڭ ئەڭ يۇقىرى قوماندانلىق ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزىۋالدى.

بۇ ۋاقىتتا 2 — V تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھەربىي ئىشلاردا ئىشلىتىلىشكە باشلىغانىدى. پولشانىڭ غەربىي

جەنۇبىدىكى قاقاسلىقتا كۆزىتىش پونكىتى قۇرۇلۇپ چارلاش ئۈسكۈنىلىرى ئورنىتىلىپ، 2 ـــ V تىپلىق راكېتا كەڭ كۆلەملىك سىناق قىلىنىشقا باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي باشقۇرۇلىدىغان بومبا گازارمىسىدىن 60 پىرسەنتتىن ئارتۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبا چۈشۈش نۇقتىسىغا ئۈچ ـ تۆت كىلومېتىر قالغاندا پارتلاپ كەتتى، دېگەن خەۋەر كەلدى. بلاۋئېر بۇنى ئاڭلىغان هامان باهالاش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، نىشان رايونىغا باردى ۋە شۇ يەردە قوماندانلىق شتابى قۇردى. قائىدە بويىچە بۇ يەر ئەڭ بىخەتەر ئىدى. بىراق، بىر كۈنى بلاۋئېر ئوچۇقچىلىقتا تۇرۇپ، قوماندانلىق مۇنارىدىكى ۋاقىت هېسابلىغۇچنى كۆزىتىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز شەرق تەرەپتىن ئۇزۇن ئاق تۇمان پەيدا بولدى ـ دە، بلاۋئېر تۇرغان يەرگە يېقىنلاپ كەلدى، ئاندىن گۈم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇ بىر ئورەككە چۈشۈپ كەتتى. بەختكە يارىشا ئامان قالدى، بىراق بومبا 100 نەچچە مېتىر نېرىدىكى جايغا چۈشۈپ پارتلىدى، ئۇ ئۆزى كەشىپ قىلغان قورالدا ئۆلگىلى تاسلا قالدى.

بلاۋئېر بىر قاتار تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىش ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ پارتلاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقتى. ئۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى قېپىنىڭ ناهايىتى نېپىز بولۇپ قالغانلىقىنى، بىرنەچچە مىنۇت ئۇچقاندىن كېيىن كۈچلۈك ئاتموسفېرانىڭ تەسىرىدە يېرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بومبىنىڭ قېپىنى تېخىمۇ قېلىنلاتتى، 2 ـــ V تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا رەسمىي تۈردە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قورالى بولۇپ قالدى.

1944 ـ يىلى 8 ـ سېنتەبىر گېرمانىيە ئارمىيىسى گوللاندىيىنىڭ گائاگا شەھىرى سىرتىدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا گازارمىسىدا 2 ـــ V تىپلىق غايەت زور باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئورناتتى، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 15 مېتىر، دىئامېتىرى ئىككى مېتىرچە كېلەتتى، ئېغىرلىقى 14 توننا بولۇپ،

بومبىنىڭ باش قىسمىغا قاچىلانغان ئوق دورىسىنىڭ ئېغىرلىقى بىر توننا كېلەتتى. دۋىگاتېل ماتورىغا سۇيۇق ئوكسىگېن بىلەن ئىسپىرت ئىشلىتىلگەن بولۇپ، 24 مىڭ كىلوگرام ئىتتىرىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. راكېتاغا ئوت تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەشكە باشلىدى، يېقىلغۇ كۆپلەپ سەرپ بولغانسېرى، راكېتانىڭ سۈرئىتىمۇ ئېشىشقا باشلىدى. راكېتا 45 ° لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ بۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ سۈرئىتى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى. دۋىگاتېل ماتورىنىڭ ئوتىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆچتى. ئارقىدىن راكېتا ئايلىنىپ ئۇچۇپ، 90 كىلومېتىرلىق ئېگىزلىككە چىقتى، ئاندىن تېزدىن پەسلەشكە باشلىدى ـ دە، لوندوندىكى تايمىس دەريا ساھىلىغا چۈشتى. راكېتا گائاگادىن قويۇپ بېرىلىپ لوندونغا چۈشكۈچە، جەمئىي 5 مىنۇت 20 سېكۇنت ۋاقىت كەتتى. ئەينى چاغدا بۇ خىل سۈرئەتنى توختىتىشقا قىلچە ئامال يوق ئىدى.

غەلىبە خەۋىرى پېنىمىندقا يېتىپ كەلگەندە، پېنىمىند شاد ـ خۇراملىققا چۆمدى. راكېتا مۇتەخەسسىسلىرى ئۆتكەن يىلى پېنىمىندىنىڭ ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدا ئۆلگەن يارىلانغانلارنى ئېسىگە ئېلىپ، لوندوننى بومباردىمان قىلىپ، ئۆچىمىزنى ئالدۇق دەپ ھېس قىلىشتى، بلاۋئېر ئالىي دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنى ھەربىي كۇلۇبقا تەكلىپ قىلىپ، ھەربىر كىشىگە بىر شىشىدىن شامپان بېرىپ تەبرىكلىدى.

1944 ـ يىلى 8 ـ سېنتەبىر تۇنجى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى تاشلىغاندىن تارتىپ، 1945 ـ يىلى 27 ـ مارت ئاخىرقى بىر دانە باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى تاشلىغانغا قەدەر بولغان يېرىم يىل ئىچىدە گېرمانىيە ئارمىيىسى جەمئىي 6400 دىن ئارتۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئاتتى. بۇنىڭ 4300 ى ئەنگلىيىگە تاشلاندى، 1115ى نىشانغا تەگدى؛ قالغان 2100 دىن كۆپرەكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ مۇھىم بازىسى بولغان بېلگىيىنىڭ ئانتۋېرپېنغا تاشلاندى. يېرىم يىللىق

باشقۇرۇلىدىغان بومبا جېڭىدە ئەنگلىيە زور چىقىم تارتتى، جەمئىي 2742 ئادەم ئۆلدى. 6467 ئادەم يارىلاندى. بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ماددىي ئەسلىھەلەرنىڭ زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى.

2 ــ V تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى نورماندىيىدىن قۇرۇقلۇققا چىققان، تۇمەنلىگەن ھەيۋەتلىك قوشۇن زەربىدارلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى، گېرمانىيە ئۆز ئىشغالىيىتىدىكى غەربىي ياۋروپادىن كۆپلەپ ئايرىلىپ قېلىۋاتاتتى. مۆلچەرگە قارىغاندا، يېقىن ئارىدا گوللاندىيىمۇ ئازاد قىلىناتتى، شۇنداق بولغاندا، ئەنگلىيە بوغۇزىدىكى 2 ــ V تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى قويۇپ بېرىش پۇتۇنلەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، گىتلېر بلاۋئېرغا ئەڭ تېز ئۇچىدىغان چوڭ تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياساش، بۇ ئارقىلىق گېرمانىيىنىڭ ئۆزىدىلا ئىتتىپاقداش ئارمىيىنى بومباردىمان قىلىش مەقسىتىگە يېتىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بلاۋئېر پېنىيمىندىتىكى قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىملىرىغا باشچىلىق قىلىپ كېچىلەپ ئىشلەپ 2 ــ V تىپلىق قاناتلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ياساپ چىقتى. دەسلەپ ئۇنىڭ ئېتىلىش مۇساپىسى 600 كىلومېتىر مۆلچەرلەندى، بۇ 2 ــ V تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ مۇساپىسىدىن تەخمىنەن ئىككى ھەسسە يۇقىرى ئىدى. بلاۋئېر 2 ــ V تىپلىق راكېتاغا پەقەت ئاۋاز تېزلىكىدىن يۇقىرى قانات ۋە ئاتموسفېرانىڭ كۈچىنى ئاشۇرىدىغان باشقۇرغۇچى ئورناتقاندا، ئۇنىڭ ئۇچۇش تېزلىكى تېخىمۇ ئاشىدۇ، ئەمما بۇنداق قىلغاندا سۈرئىتىنى ئاستىلاتقىلى بولغان بىلەن توسۇپ قالغىلى بولماسلىقتەك ئارتۇقچىلىقى يوقىلىدۇ، دەپ قارايتتى.

1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بلاۋئېر قاناتلىقلار 2 ــ V

تىپلىق راكېتانى ئۆزگەرتىپ ياساشنىڭ ھالقىلىق يېرىگە كەلگەندە، ئۇرۇش ئوتى پېنىيمىندقا تۇتاشتى. بۇ چاغدا شەرقتىن قىستاپ كەلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى پومېرانىيە شتاتىغا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، پېنىيمىندقا ئاران 200 كىلومېتىرلا قالغان؛ غەربتە ئىتتىپاقداش ئارمىيە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئاخىرقى بىر مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كىل پورتىغا يېقىنلاپ قالغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، پېنىيمىندتىكى تەتقىقات خىزمىتىنى توختاتماي بولمايتتى، ھېرىپ ـ چارچاپ ماجالى قالمىغان ئالىملار «خەلق قورallىق قىسمى» بولۇپ تەشكىللىنىپ، ھەر كۈنى تۆت سائەت كوچا ئۇرۇش مەشقى ئېلىپ باردى. باشقۇرۇلىدىغان بومبا مەركىزىنىڭ ھەيئەتلىك كۆچى ئاجىزلىدى. گەرچە ئەمەلدارلار ئوردېنلارنى تارقىتىپ تۇرسىمۇ، بىراق ئەھۋال ھارغان ئوق شايىدىن ئۆتمەپتۇ، دېگەندەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

1945 ـ يىلى يانۋار پېنىيمىندقا سوۋېت ئارمىيىسى زەمبىرەكلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. راكېتا مەركىزي پىلان بويىچە ئەسلىھەلەرنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى، ئىس ـ ئېسچىلار ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن 2 ـــ V تىپلىق راكېتا ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ھەرقانداق قورال ۋە ئۈسكۈنىلەرنى پارتلىتىۋەتتى. بارىدىكىلەر ھۆججەت ۋە چېرتيوژلارنى باغلاپ ھەر ۋاقىت كۆيدۈرۈۋېتىش ئۈچۈن كىسلاتا، بېنزىن قاچىلانغان تۇڭنىڭ يېنىغا دۆۋىلىدى، پۈتكۈل پېنىيمىندتا ئاخىر زامان بولىدىغاندەك، راكېتا مۇتەخەسسىسلىرى ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتتى.

يانۋارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى كېچىسى، بىلاۋئېر داڭلىق ئالىملاردىن بىرنەچچىسىنى ئاشلىق ئىسكىلاتىغا چاقىرىپ، قەيەرگە بېرىش، قەيەردىن قېچىش توغرۇلۇق مەخپىي يىغىن ئاچتى.

ـــ گېرمانىيە يېڭىلدى، ـــ دېدى بلاۋئېر ئۇلارغا، ـــ بىز

شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلار ئالىم بوشلۇقىغا ئەڭ ئاۋۋال ئوخۇشلۇق چىققانمىز. كەلگۈسىگە ئىشەنچىمىز كامىل بولسۇن، راكېتا ئىشلىرى كەلگۈسىدىكى تىنچ مەزگىلدە تېخىمۇ زور تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە بولىدۇ. بىزنىڭ ئىنسانلارغا ئۆز بىلىممىزنى ۋە ئىقتىدارىمىزنى بېغىشلاش مەجبۇرىيىتىمىز بار. ھازىر ھەربىر غەلىبە قىلغان دۆلەت بىزنىڭ بىلىممىزگە موھتاج. بىز ئۇنى كىمگە تەقدىم قىلىشىمىز كېرەك؟

غۇۋا جىنچىراغ ئاستىدا، كۆپچىلىك ئېغىر سۈكۈتكە چۆمگەندى. بىر ئازدىن كېيىن بىرەيلەن پەس ئاۋازدا:

ـــ ئامېرىكىغا تەسلىم بولايلى، ـــ دېدى.

ـــ مېنىڭچە، ئەڭ ياخشىسى ئامېرىكىغا تەسلىم بولايلى، ـــ دېدى بلاۋئېر سۆزىنى داۋام قىلىپ، ـــ گەرچە سوۋېت ئارمىيىسى بىزگە يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ بىراق ئۇلار ئۇرۇشتا زور چىقىم تارتتى، بەلكىم ئۇلار بىزنى ئەكەتمەسلىكى مۇمكىن. بۇ قېتىم ئەنگلىيە باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن زەربە بېرىشتىكى ئاساسلىق نىشان بولدى. ئۇلارغا تەسلىم بولساق چوقۇم ئۆچ ئالىدۇ، ئامېرىكا بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى پەرق سەل كىچىكرەك، ئۇلار ئۆز دۆلىتىدە چىقىم تارتمىدى، مېنىڭچە ئامېرىكىغا تەسلىم بولۇش بىزنىڭ ئەڭ ياخشى تاللىشىمىز، ـــ دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب سام تاغنى ئىزدەش

ئۇلارنىڭ تازا بېشى قېتىپ تۇرغاندا، گېرمانىيە ئارمىيىسى قورال - ياراغ مىنىستىرلىقىدىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، پېنىيمىندىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا قۇرۇلمىسىنى ھازىر تاغ ئىزمىسىدىكى بلاشرود بازىرىغا يۆتكەپ، داۋاملىق ئىشلەش ھەمدە گېرمانىيىنىڭ گۈللىنىشى ۋە كۈچ توپلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش توغرىسىدا يولىيورۇق بېرىلدى. بلاۋئېر بۇيرۇقنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى. گەرچە بۇ بۇيرۇق بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ بۇيرۇقى زىت بولسىمۇ، بىراق ئوتتۇرا قىسىمغا يۆتكەلگەندە ئامېرىكا ئارمىيىسىگە يولۇقۇش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. شۇنداق بولسا، ھەممە مەسىلە بىر يوللا ھەل بولاتتى. ئارقا تەرەپكە تۇتىشىدىغان يول پۈتۈنلەي تاقىۋېتىلگەن بولۇپ، تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلەر يول بويىدا تۇرۇپ يولدىن ئۆتكەن ھەربىر ماشىنىنى توسۇپ تەكشۈرەتتى. دېڭىز ساھىلىدىكى رايونلارمۇ قامال قىلىنغانىدى، ئۇ يەردىكى ھەربىي شتابنىڭ قوماندانىمۇ جان تىكىپ ئىشلىشىۋاتاتتى. تۇنجى تەكشۈرۈش پونكىتىدا، ئەسكەرلەر بلاۋئېرنىڭ پىكاپىنى توستى.

— مەن پېنىيمىندىنىڭ مەسئۇلى، — دېدى بلاۋئېر يولخېتىنى كۆرسىتىپ، — بىز پېنىيمىندىكى راكېتا قۇرۇلمىلىرىنى ئوتتۇرا قىسىمدىكى رايونلارغا يۆتكەش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدۇق. سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا موھتاجمىز.

— كەچۈرۈڭ ئەپەندى، مەن تاپشۇرۇۋالغان بۇيرۇقتا بىر تال تاپانچىنىمۇ مۇشۇ رايوندىن ئەكەتمەسلىك ئۇقتۇرۇلغان، — دېدى كوماندىر.

ـــ ھەربىي ماشىنىسازلىق شتابى بىزگە كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى دەرھال يۆتكىۋېتىشكە ئىجازەت بەرگەن، بۇيرۇقتا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ، سىز 2 ـــ V تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغانمۇ؟ ـــ سورىدى بلاۋئېر گېپىنى سەل يۇمشىتىپ، ـــ بىز پېنىيمۈندتا 2 ـــ V تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياسايمىز، ـــ دەپ قوشۇپ قويدى. كوماندىر پېنىيمۈندنىڭ سىرىنى بىلىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن 2 ـــ V تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھەققىدىكى خەۋەرنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدى. ھەتتا بۇ سىرلىق قورالغا چوقۇناتتى. شۇڭا، بلاۋئېر ئۇنىڭغا پېنىيمۈندتىكى سىرلىق قورال ۋە مۇھىم ۋەزىپىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، كوماندىر ئاستا ـ ئاستا قايىل بولدى.

ـــ سىلەرنىڭ يۆتكەش پىلانىڭلارنىڭ نامى نېمە؟ ـــ دەپ سورىدى كوماندىر ئەستايىدىللىق بىلەن.

ـــ ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش پىلانى، ـــ دېدى بلاۋئېر ئېغىزىنىڭ ئۇچىدىلا.

ـــ سىلەر ماشىنىنىڭ ئەينىكىگە بەلگە قويۇڭلار، ئاندىن قول ئاستىمدىكىلەرگە سىلەرنى ئۆتكۈزۈۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىمەن، ـــ دېدى كوماندىر.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، بلاۋئېر بازىدىكى خادىملارنى ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن ئۈسكۈنە ۋە ماتېرىياللارنى يۆتكىدى. سوۋېت ئارمىيىسى تېخىمۇ قىستاپ كەلگەنىدى، خەتەرلىك مىنۇتلار يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى پۇشايمان قىلدىمۇ قانداق، قورال ـ ياراغ مىنىستىرلىقىنىڭ بۇيرۇقىغا قاراپمۇ قويمىدى. بلاۋئېر باغلام ـ باغلام چېرتيوژ، پاتېنت ماتېرىياللىرى، ماشىنا ۋە ئۈسكۈنىلەرنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ، ئىشچىلارنىڭ ئۇلارنى ماشىنىغا قاچىلىشىغا قوماندانلىق قىلىپ، خادىملارنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ چېكىندۈردى، ئۇ بىر مىنۇتمۇ كۆز يۇممىدى. قورسىقى

www.uyghurkitap.com

ئاچسا ماشىنىنىڭ ئىچىدىلا بىر ـ ئىككى چىشلەم بولىدىكەن. شۇنداق قىلىپ 5000 دىن ئارتۇق تېخنىك، 1000دىن ئارتۇق قارا ماشىنا ئۇرۇش رايونىدىن ئايرىلىپ، دەبدەبە بىلەن چېكىنىشكە باشلىدى.

بلاۋئېر ئەڭ ئاخىرىدا ماڭدى، ئۇ پېنىيمىندىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن، ئىلگىرى تۇرغان بىرنەچچە كەنتنى ئارىلاپ، ئۇ يەردىكى دوستلىرى بىلەن خوشلاشتى. بۇ قېتىمقى سەپەر ھايات ـ ماماتلىق سەپەت ئىدى. چۈنكى، يولدا ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچراش تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئاخىرىدا ئۇ پىكاپنى ھەيدەپ بالىتىق دېڭىزى بويىدىكى قىشلاقتا — نەۋرە سىڭلىسى مارىيەنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ كەلگەندە، مارىيە يۈك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ گوللاندىيىگە يېقىن بىر جايدىكى بىر كەنتكە كۆچۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، بلاۋئېر مارىيەنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى ـ دە، ھاياجاندا گەپ قىلالماي قالدى. ئازابلىق ئايرىلىش مىنۇتلىرىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە توختايدىغانلىقىنى، كەلگۈسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، مارىيەنىڭ قانداق قىسمەتلەرگە يولۇقىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى.

— ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن، ئىمكان بار كېلىپ سىزنى ئىزدەيمەن، ئۇرۇش سىزگە قالدۇرغان جاراھەتنى چوقۇم داۋالاپ ساقايتىمەن، — دېدى بلاۋئېر كەسكىن تەلەپپۇزدا.

مارىيە ئازابلانغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىللار يېنىشلاپ سىگنال بېرەتتى، بلاۋئېر مارىيەنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى، ئاندىن ئۇنى يۆلەپ كابىنكىغا چىقاردى ـ دە:

— خەير خوش مەن سىزنى ئىزدەيمەن، — دېگىنىچە كۆزىنى ئۇزاپ كېتىۋاتقان ماشىنىغا تىكتى.

بلاۋئېرنىڭ خادىملىرى، ئۇسكۈنىلىرى قاچىلانغان قارا

ماشىنىلار ئاران ـ ئاران ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. كۈندۈزى ئىتتىپاقداش ئارمىيە بومباردىمان قىلغاچقا، ماشىنىلار ئامالسىز كېچىدە ماڭاتتى. بىر كۈنى كېچىسى، بلاۋئېر شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدى. شوپۇرمۇ قاتتىق چارچىغاچقا، ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ بېشىنى رولغا قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى، نەتىجىدە ماشىنا تېز سۈرئەتتە مېڭىپ يولدىن چىقىپ كېتىپ ئۆرۈلدى، بلاۋئېر يارىلىنىپ، سول بىلىكىنىڭ ئىككى يېرى سۇندى. يول بويىدا تۇزۇكرەك بىر دوختۇرخانىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە مىڭ ئادەم ئۇنىڭغا موھتاج بولغاچقا، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىلىكىنى داكا بىلەن تېڭىپ، ماشىنىنىڭ كەينىگە ئۆتتى. ئۇلار يول ئازابىنى يېگىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن بلاسترو بازىرىغا يېتىپ كېلىشتى.

1945 ـ يىلى مارتنىڭ بېشىدا سوۋېت ئارمىيىسى پېنىمىندنى ئىشغال قىلدى ھەمدە داۋاملىق بېرلىنغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. 20 ـ مارت ئامېرىكا ئارمىيىسى مېتىل زاۋۇتىنى ئىشغال قىلدى. 2 ــ V تىپلىق راكېتا ئىشلەپ چىقىرىش پۇتۇنلەي توختىدى. ئامېرىكا ئارمىيىسى ھارىز تاغلىق رايونىغا يېتىپ كېلىشتىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن راكېتا مەركىزى ئېس ـ ئېسچىلارنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇيرۇقتا باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا ئالاقىدار بارلىق ھۆججەتلەرنى مەخپىي كۆيدۈرۈۋېتىش ئۇقتۇرۇلغانىدى. بلاۋئېرنىڭ پېشقەدەم قوماندانى گېنېرال دوئېر بېگىل ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە يېقىن خىزمەتداشلىرى بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلدى. ئۇلار ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە كۆزى قىيماي يەشىك ـ ساندۇقلارغا قاچىلاپ كان قۇدۇقلىرىغا تاشلىۋەتتى. ئارقىدىن ئېس ـ ئېسچىلار راكېتا مەركىزىدىكىلەرنى مىيونخېننىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونغا يۆتكىدى. بلاۋئېر يەنە جاندىن ئۆتكۈدەك ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ بىر ھەپتىلىك سەپەرنى باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

راكېتا مەركىزىدىكىلەر ئەمدىلا مىيۇنخېنغا يېتىپ كېلىشىگە ئۇلارنى باشلاپ ماڭغان ئىس - ئىبسچىلارنىڭ گېنېرالى كارمىلى كەلدى. ئۇ بلاۋئىر ۋە دوئىر بېگمل بىلەن كۆرۈشۈپ بلاۋئىرغا مۇنداق دەپ تاپىلىدى:

— سىز غوللۇق خادىمدىن 500 نى تاللاپ چىقىڭ، ئۇلار ئەتىكى تېز پويىزدا مېڭىشقا تەييارلىق قىلىپ قويسۇن، ئائىلىدىكىلەرنى ئېلىۋېلىشقا رۇخسەت يوق، مەن سىلەرنى داۋاملىق خىزمەت قىلالايدىغان، ھېچقانداق ئاۋارىچىلىككە يولۇقمايدىغان بىخەتەر جايغا ئاپىرىمەن.

بلاۋئىر كارمىلىنىڭ ئۆزلىرىنى ئارقا تىرەك قىلىپ، جېنىنى قوغدىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ۋە ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە سېتىۋېتىدىغانلىقىنى، ناۋادا ئىتتىپاقداش ئارمىيە سودا قىلىشقا قوشۇلمىسا، ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بلاۋئىر 500 ئالىمنى تاللاپ چىقتى، ئۇلار ئائىلىدىكىلەر بىلەن قايغۇ ئىچىدە خوشلىشىپ، ئالپ تېغى ئېتىكىگە جايلاشقان گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ گازارمىسىغا يېتىپ كەلدى، گازارمىنىڭ تۆت ئەتراپى سىم تور بىلەن قاشالانغان بولۇپ، تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلەر تەرىپىدىن قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىناتتى، بۇ ئالىملارغا ھېچقانداق چىقىش يولى يوق ئىدى.

ئىتتىپاقداش ئارمىيە ھەر كۈنى ئەسەبىيلەرچە بومباردىمان قىلاتتى. 500 ئالىمنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. ئەگەر بىر تاللا بومبا چۈشىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جېنىدىن ئايرىلاتتى. بلاۋئىر قولىنى داكا بىلەن باغلاپ بويىنغا ئېسىۋالغانىدى. ئۇ ئېغىر قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ ئىس - ئىبسچىلار ئارمىيىسىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئادەملەرنى تارقاقلاشتۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

— بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە قاتناش قورالى يوق، — دېدى ئىس - ئىبسچىلار ئوفىتسېرى قەتئىي رەت

قىلىپ.

ـــ كېرەك يوق، ـــ دېدى بلاۋئېر مېيىقىدا كۈلۈپ، ـــ مەندە ماشىنا بار. مەن سىلەرگە بىر ماشىنا ۋە بىرنەچچە تۈلۈك بېنزىن بېرەي، قانداق؟ ـــ دېدى. شۇنداق قىلىپ ئوفىتسېر بىر ماشىنىغا ئېرىشتى. بلاۋئېر دوستلىرىنى سىم توردىن ئاچقىپ، يېقىن ئەتراپتىكى بىرنەچچە قىشلاققا جايلاشتۇردى.

بلاۋئېر گازارمىغا كەلگەندىن كېيىن، يېقىن ئەتراپتىكى بىر دوختۇرخانىغا كىرىپ داۋالاندى. بۇ دوختۇرخانىنىڭ تاغقا چىقىش تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ سۇنۇقىنى داۋالاشتا داڭقى بار ئىدى. تاشقى كېسەللەر دوختۇرى بلاۋئېرغا ئۇنى ئىككى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىدىغانلىقى، ئىككى قېتىملىق ئوپېراتسىيە ئارىلىقىنىڭ تۆت كۈن بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بىرىنچى قېتىملىق ئوپېراتسىيىدىن كېيىن بلاۋئېر كارىۋاتتا مىدىر ـ سىدىر قىلماي ياتتى. يارا ئېغىرى قاتتىق ئېچىشاتتى، ئۇنىڭ كەيپىياتىمۇ ناھايىتى سۇس ئىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئايروپىلانلىرى كېچە ـ كۈندۈز دېمەي دوختۇرخانا ئەتراپىنى بومباردىمان قىلاتتى. ئېغىر كېسەللەر يەر ئاستى ئۆيىگە يۆتكەلدى. بىراق، بلاۋئېرنىڭ قولى سۇنغان بولغاچقا، كارىۋاتتىن قوپماي كۆزلىرىنى سىرتتىكى بومباردىمان قىلىنىۋاتقان جايلارغا تىكىپ، ئەزرائىلنى كۈتۈپ ياتتى.

ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن، بىر ئەسكەر ئالدىراپ ـ سالدىراپ بالىنىستقا كىردى ـ دە، بلاۋئېرغا:

ـــ دەرھال كىيىملىرىڭىزنى كىيىڭ. مەن بىر قۇتقۇزۇش ماشىنىسى تاپتىم، ـــ دېدى.

ـــ سىزنى كىم ئەۋەتتى؟ ـــ سورىدى بلاۋئېر ھەيران بولۇپ.

ـــ گېنېرال دوئېر بېگىل، ـــ دېدى ئەسكەر. شۇنىڭ بىلەن بلاۋئېر دوختۇرنى چاقىرتىپ، بىلىكىنى قايتا تاڭدۇرۇپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ دوئېر بېگىلنىڭ تۇرالغۇسىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يەرگە يېنىيىمىندىتىكى 30دىن ئارتۇق ئالىم يىغىلىپ

ئۇيغۇر كىتابلار تورى
www.uyghurkitap.com

بولغانىدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، رادىئودا ئۇرۇش توختىغانلىقى ھەققىدىكى ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان خەۋەر ئاڭلىتىلدى. بلاۋئېر تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئامېرىكا ئارمىيىسى بىلەن ئالاقە باغلاش قارارىغا كەلدى. ئۇ چاغدا ئالپ تېغى ئېتىكىگە ئامېرىكا ئارمىيىسى ئورۇنلىشىپ بولغانىدى. بلاۋئېر ئىنگلىز تىلىنى خېلى ئوبدان سۆزلەيدىغان ئىنىسىنى ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتتى. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن، ئۇ قايتىپ كەلدى.

— ھەممە ئىش پۈتتى، مەن ئالتە ماشىنىنىڭ يولخېتىنى ئالدىم، ئۇلار قوغداش قىسمى ئەۋەتىپ، بىزنى ئۇلارنىڭ ئاخبارات مەركىزىگە ئەكېتىدىغان بولدى، — دېدى ئۇ.

بىر يىلدىن بۇيان، ئۇلار بۇنداق ياخشى خەۋەرنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. بلاۋئېر خۇشاللىقىدا ئىنىسىنى بوينىدىن چىڭ قۇچاقلىدى. دوئېر بېگىل كۆپچىلىكنى ماشىنىلارغا چىقىرىپ، خۇشال - خۇرام ھالدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ گازارمىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

بلاۋئېر ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 3 - بىرونېۋىكلىق دىۋىزىيە ۋە 44 - پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىگە تەسلىم بولدى. بىر - نەچچە كۈندىن كېيىن، 500 ئالىمنۇ بلاۋئېرنىڭ يېنىغا يىغىلدى. تارىختىكى تۇنجى راكېتا تەتقىقات گۇرۇپپىسى ئەنە شۇنداق ساقلىنىپ قالدى. بلاۋئېر 44 - پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىدە يېرىم كۈن تۇردى. ئۇنىڭ روھى ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، ئۇ ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بىلەن ئىنگلىز تىلىدا تۇتۇتلەپ دېگۈدەك سۆزلەشتى، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ سوئالىغا خۇشاللىق بىلەن جاۋاب بەردى. ئۇلار ئۇنىڭ 2 — V تىپلىق راكېتانىڭ ئىجادچىسى ۋە رەھبىرى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە ھەيران بولغىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپلا قېلىشتى، چۈنكى ئۇ بەك ياش ئىدى، ئۇلار ئۇنىڭ شۇنچە ياش تۇرۇپ شۇنداق زور ئۇتۇق قازانغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

ــــ بىر 3 ـ ئىمپېرىيىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالدامچىسىنى تۇتۇپتۇق، ــــ دېدى بىر ئەسكەر ئىشەنمىگەندەك قىلىپ.

ئەسكەرلەر بلاۋئېرنىڭ سەممىي، چىقىشقاقلىقىدىن مەمنۇن بولۇشۇپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىشتى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن رەسىمگە چۈشۈشتى، بلاۋئېر ئەسكەرلەر بىلەن ھەر خىل ھالەتتە رەسىمگە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى. بەزىلىرى ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ رەسىمگە چۈشتى، بەزىلىرى ئۇنىڭ ئوردېنلىرىغا قىزىقىپ تۇتۇپ كۆرۈپ رەسىمگە چۈشتى. يەنە بەزىلىرى ھەتتا قولىنى ئۇنىڭ دولىسىغا قويۇپ رەسىمگە چۈشتى. قاش قارايغان چاغدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئاخبارات مەركىزىدىن بىر ئادەم كەلدى ـ دە، بلاۋئېر ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىنى ئېلىپ ئاخبارات ئورنىغا يۈرۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

## سەككىزىنچى باب جەننەتتىكى مەھبۇس

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا، گېرمانىيە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئۆزىنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسىنى نامايان قىلدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە ھەر جەھەتتىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ گېرمانىيىنى مەغلۇپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە گېرمانىيىدىن ئېشىپ كەتمەكچى بولاتتى. شۇڭا، ئۇرۇش ئاخىرلىشاي دېگەندە ئىتتىپاقداش ئارمىيە ھەممە تەرەپكە قاتراپ گېرمانىيە ئالىملىرى ۋە پەن ـ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى توپلاشقا كىرىشتى ۋە بۇ بايلىقلارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا تىرىشتى. ئامېرىكا باشقىلارنىڭ كەينىدە قالماسلىق ئۈچۈن، 2 ــ V تىپلىق راكېتاغا قارىتا مەشھۇر «ھۆججەت جازىسى پىلانى»نى تۈزۈپ چىقتى.

پولكوۋنىك توفتوئى شۇ چاغدا ئامېرىكىنىڭ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق قورال ـ ياراغ تېخنىكا ئاخبارات گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. پۇتكۇل ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئۇ گېرمانىيىنىڭ مۇھىم ئۇسكۈنىلىرى ۋە يېڭى قوراللىرىنى ئامېرىكىغا توشۇشقا مەسئۇل بولدى. بۇنداق قىلىش ئۆزگىنىمۇ دەڭسەپ، دۈشمەننى يېڭىشكە پايدىلىق ئىدى. 2 ــ V تىپلىق راكېتا تەتقىق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى توفتوئىغا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ 2 ــ V راكېتادىن بىرنەچچىنى قولغا چۈشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكىغا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. بىراق، ئۇ ئامېرىكا ئارمىيىسى مىتىل زاۋۇتىنى ئىگىلەشتىن ئىلگىرى ھېچقانداق ئامال قىلالمىدى. ھالبۇكى، زاۋۇتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇ ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن بەزى پارچە ـ پۇرات زاپچاسلارنىلا تاپالىدى. چۈنكى،

گېرمانىيە ئارمىيىسى بارلىق 2 ـــ V تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئېتىپ تۈگەتكەنىدى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەردىن بلاۋئېر قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك راكېتا مۇتەخەسسىسلىرىنى قولغا چۈشۈرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە: «بۇلارنىڭ كاللىسىدىكى بىلىم ھەرقانداق نەرسىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ» دەپ ئويلىدى. توفتوئى ھۆججەت جازىسى پىلانىغا ئاساسەن، بلاۋئېر قاتارلىقلار بىلەن تولىمۇ قىزغىن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلار تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، گېرمانىيىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى راكېتا مۇتەخەسسىسلىرىنى تېپىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. توفتوئى بلاۋئېر قاتارلىقلارغا ئامېرىكىغا بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە بۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە تېزدىن مەكتۇپ ئەۋەتىپ 300 نەپەر راكېتا مۇتەخەسسىسلىرىنى تاللاپ ئامېرىكىغا ئەۋەتىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئامېرىكا گوۋۇيۇەنى، سودا مىنىستىرلىقى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىقى بىرلىكتە توفتوئىنىڭ تەكلىپىنى تەستىقلىدى، بىراق ئالىملاردىن 100 نىلا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.

توفتوئى دەرھال بلاۋئېرنى تېپىپ، ئامېرىكىغا بارىدىغان 100 ئالىمنىڭ تىزىملىكىنى تۈرغۇزۇشقا ياردەم بېرىشنى سورىدى. بۇ ھەقىقەتەن بىر قىيىن ئىش ئىدى. چۈنكى، 500 ئالىمنىڭ ھەممىسى بلاۋئېرنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئۇ ئۇلارنى تاللاپ قويۇپ كېتىشنى خالىمايتتى. توفتوئى بۇ ئىشنى كەينى ـ كەينىدىن سۈيلەپ تۇرۇۋالغاچقا، بلاۋئېر ئامالسىز ئىجادىي كۈچى بار، تەجرىبىسى مول ھەم ئامېرىكىنىڭ 2 ـــ V تىپلىق راكېتانى قۇراشتۇرۇش ۋە قويۇپ بېرىش ئىشلىرىغا ياردەم بېرەلەيدىغان، ھەم مۇرەككەپ يېڭى قوراللارنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ ياساش خىزمىتىنى ئەكېلەلەيدىغان ئالىملاردىن 118 نىڭ تىزىملىكىنى يوللىدى. توفتوئى بلاۋئېرنىڭ بۇ خىل ئالىيجاناب خىسلىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنىڭ ياردەم بەرگەنلىكىگە

تەشەككۇر بىلدۈردى. بىراق، ئۇ بۇرائىنىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىقىنى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىنىڭ شۇنداق كەسكىن بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

توفتوئى 118 نەپەر راكېتا مۇتەخەسسىسىنى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ياتىقىغا يىغىپ، ئۇلار بىلەن سەمىمىي يوسۇندا پىكىر ئالماشتۇردى. ئۇلار ئامېرىكا ئۇچۇن ھەقىقىي كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. چۈنكى، ئۇلار بىر مۇستەبىت دۆلەت ھۆكۈمىتىگە ئەمەس، بەلكى بىر دېموكراتىك دۆلەت ھۆكۈمىتىگە ئىشلەشنى خالايتتى؛ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى توغرىسىدا ھېچقانداق تەلەپ قويمىدى. بىراق، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ئاچ ـ زار قېلىشىنى خالىمايتتى. توفتوئى بۇ ئەھۋالنى ئوبدان چۈشىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى، بىراق ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئامېرىكىغا ئەۋەتىش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. ئۇ ھەربىي تەرەپكە ئىلتىماس سۇنۇپ، ئۇلارغا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا بىر تۇرالغۇ بەرپا قىلىش، ئامېرىكا ئارمىيىسى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇش، مۇتەخەسسىسلەر مائاشىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلارغا بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ ھەقىقەتەن ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەلىي چارە بولغاچقا، بىلاۋېر قاتارلىقلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى، ئۇلار توفتوئىنىڭ قىزغىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى. توفتوئى دەرھال ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى، بىر قاتار تىرىشچانلىقلار ئارقىسىدا ئۇنىڭ تەكلىپى ئېتىبارغا ئېرىشتى. ئۇ پىكاپى بىلەن يېزا ـ قىشلاقلارنى ئارىلاپ، ئاخىر ئىلگىرى گېرمانىيە ئارمىيىسى تۇرغان بىر گازارمىنى تېپىپ گېرمانىيە

مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى.

1945 ـ يىلى 20 ـ سېنتەبىر بلاۋئېر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى پاراخوت بىلەن بوستون قولتۇقىغا يېتىپ كېلىپ، ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا قەدەم قويدى. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇلار پويىزغا ئولتۇرۇپ مارىلان شتاتىنىڭ ئابېردىن سىناق مەيدانىغا كېلىپ ئامېرىكىدىكى تۇرمۇشىنى رەسمىي باشلىدى.

بلاۋئېرنىڭ ھەمراھلىرى ئابېردىندا ئامېرىكا ئولجا ئالغان تەخمىنەن 40 توننا ئېغىرلىقتىكى راكېتاغا ئائىت ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە تەجرىبە قىلىشقا كىرىشتى. بۇ ھۆججەتلەر پېنىيمىندىتىكى تېخنىكا ماتېرىياللىرى ئىدى. ئۇلار بلاۋشرودتىن چېكىنىش ئالدىدا گېنېرال دوئېر بېگىل بۇ ھۆججەتلەرنى كان قۇدۇقلىرىغا تاشلىۋەتكەن. ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئۇنى بايقاپ ئەكەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە بلاۋئېرنىڭ خىزمەتداشلىرى بۇ ھۆججەت، ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇۋغا چىقماي تۇرۇپلا ئولجىغا ئېرىشكەندەك ئاسان بولدى.

ئامېرىكا ھەربىي تەرەپ بلاۋئېرنى ئابېردىندا قويماستىن، ئۇنى ۋە مايور مىخالنى تېكساس شتاتىنىڭ پاسو شەھىرىگە ئەۋەتتى. ئۇ يەردە ئامېرىكىنىڭ راكېتا بازىسى قۇرۇلۇۋاتاتتى. بلاۋئېرنىڭ سالاھىيىتى قاتتىق مەخپىي تۇتۇلدى. ئۇ يول بويى ناھايىتى ئاز گەپ قىلدى، مايور مىخالنى تونۇمىغانغا سېلىۋالدى. بىرسىبۇرگقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، پىلاننىڭ ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇ باشقىلار بىلەن قەتئىي ئۇچراشتۇرۇلمىدى.

بلاۋئېر ئامېرىكىغا كېلىپلا جىگەر ياللۇغىغا گىرىپتار بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىل بېشىدا سۇنغان قولى تېخى تولۇق ساقىيىپ كەتمىگەنىدى. مايور مىخال ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇنى بىرسىبۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دوختۇرخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى ۋە دوختۇرغا كۆڭۈل قويۇپ ئوبدان داۋالاشنى جېكىلىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا گېنېرال توفتوئى بازىغا ئورۇن تاللاش ئۈچۈن بىرسىبۇرگقا كەلدى. ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ئۇدۇل دوختۇرخانىغا بېرىپ بلاۋئېرنى يوقلىدى، ئۇ كۈتۈلمىگەندە بۇ دوختۇرخانىنىڭ راكېتا بازىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ياتاق قىلىنىشقا تولىمۇ باب كېلىدىغانلىقىنى بايقىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەش بۇرجەكلىك بىناغا دوكلات سۇنۇپ، دوختۇرخانىنى ناھايىتى تېزلا ئۆز ئىلكىگە ئالدى. بلاۋئېرنىڭ دوستلىرىمۇ ئابېردىندىن بىرسىبۇرگقا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئامېرىكا ئارمىيىسى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ساھەسىنىڭ ھەقىقىي ئەزالىرىغا ئايلاندى.

بلاۋئېر قاتارلىق گېرمانىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا ئىرىشىپ خىزمەت قىلدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسىر بولۇپ، بلاۋئېرنىڭ ھېچقانداق ۋەزىپىسى يوق ئىدى. بىراق، ئۇ ئەمەلىيەتتە بازىنىڭ تېخنىكا باشقۇرغۇچىسى ئىدى، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەرەققىياتى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىشكە، 3 — V تىپلىق راكېتانى قۇراشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە قويۇپ بېرىشنى تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل ئىدى. ئۇنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئىشكى ئالدىدا ھەر ۋاقىت قامەتلىك بىر ئەسكەر پوستتا تۇراتتى، ئۇ بىرەر ئىش بىلەن سىرتقا چىقماقچى بولسا، ئۇ ئەسكەرمۇ قورالىنى ئېلىپ بلاۋئېرغا ئەگىشىپ بىللە باراتتى. بلاۋئېر توغرا چۈشەنسىمۇ، بىراق بۇ ھالەتتىن كۆڭلى غەش بولاتتى. ئۇ ھەمىشە ئەسكەرنى قەستەن ئەخمەق قىلاتتى. مەسىلەن، كۆزىنى ئەسكەرگە مىختەك تىكىپ تۇرۇۋالاتتى ياكى بولمىسا ئەسكەرگە قاراپ كۈلۈۋېرىپ ئەسكەرنى زېرىكتۈرەتتى. ئاخىرىدا ئەسكەر چىدىيالماي:

— بلاۋئېر ئەپەندى، ماڭا تولا تىكىلىپ قاراۋەرمەڭ، ئۇنداق قىلسىڭىز ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىمغا دەخلى يېتىدۇ دەپ

ئىلتىماس قىلاتتى.

بىر كۈنى توفتوئى بلاۋئېرنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى، ئەسكەر شاققىدە تىك تۇرۇپ گېنېرالغا سالام بەردى. بلاۋئېر ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلۈپ چاقچاق قىلدى:

ــ گېنېرال ئۈنىڭغا تەربىيە قىلىپ قويۇڭ، ماڭىمۇ سالام بەرسۇن.

ــ ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ــ دېدى گېنېرال كۈلۈپ.

ــ ئۇ مېنىڭ مۇھاپىزەتچىم ئەمەسمۇ؟ ــ سورىدى بلاۋئېر.

ــ ئەلۋەتتە، لېكىن سىز دېگەن ئەسىر. بىراق، ئۇ قانداقلا بولسۇن سىزنى قورال تەڭلەپ ئۇ ياندىن - بۇ يانغا يالاپ يۈرمەيدۇ - دە، ــ دېدى توفتوئى كەڭ قورساقلىق بىلەن.

ــ ھىم ئۇغۇ شۇنداق، بىراق بىردىنبىر پەرق ئۈنىڭ مېنى ئېتىۋېتەلمەيدىغانلىقىدا، ــ دېدى بلاۋئېر.

گېرمانىيىلىك مۇتەخەسسىسلەر خىزمەتتە ناھايىتى تىرىشچان ئىدى، مايور مىخال بۇنىڭغا ئايرىن ئوقۇماي تۇرالمايتتى. بىر قېتىم ئۇ بلاۋئېرغا چوڭ تىپتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا پىلانىدىن بىرنى تەييارلاپ بېرىشنى، ئەته ۋاشىنگتونغا بېرىپ يۇقىرىغا دوكلات قىلىدىغانلىقىنى تاپىلىدى. بلاۋئېر قاتارلىقلار كېچىلەپ ئىشلەپ، ئەتىسى سەھەر سائەت 6 گە، يەنى ئايروپىلان ئۇچىدىغانغا ئۇلگۇرتۇپ، سۈرەت ۋە لايىھىلىرى ناھايىتى تەپسىلىي بولغان بىر پارچە پىلاننى تەييارلاپ مىخالنىڭ قولىغا تاپشۇردى.

ئامېرىكىنىڭ تۇرمۇشى بلاۋئېرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يېڭىچە بىر تۇرمۇش، شۇنداقلا بىر زور سىناق ئىدى. گېرمانىيىدىكى ئۇ ئىنگلىزچىنى ئانچە ئۆگەنمىگەن بولغاچقا، ئادەتتىكى سۆزلەرنىمۇ كېكەچلەپ سۆزلەيتتى. ئامېرىكىنىڭ تۇرمۇشىغا بالدۇرراق ئۇزلىشىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇ سەھەر تۇرۇپ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشاش تاق سۆزلەرنى يادلاشقا باشلىدى. سۆزلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ قالسا، ئاغزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىسسقماي سۆزلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ ئىنگلىزچىنى ناھايىتى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولدى، ھەتتا يىقىملىق تېكساس تەلەپپۇزىنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. بلاۋئېر يەنە پادىچى كىيىم، ئېگىز شىلەپە سېتىۋېلىپ، دەم ئالغان كۈنلىرىدە ئۇنى كىيىپ كوچا رەستىلەرنى ئارىلايدىغان بولدى. ئۇنىڭ كىيىنىشى پۈتۈنلەي تېكساسلىقلارغا ئوخشايتتى. ئۇ يەنە دوستلىرى بىلەن چېركاۋلارغا بېرىپ ناخشا ئېيتتى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇ خۇددى غەربلىك پادىچىلارغا ئوخشاش تولىمۇ كۆتۈرەڭگۇ، روھلۇق ئىدى. بلاۋئېر ئامېرىكا پۇقراسى بولۇش ئۈچۈن باشتىن باشلاپلا ئۆزىنى ئامېرىكىلىق دەپ قاراشقا ئادەتلەندى.

گېنېرال توفتوئى گېرمانىيىلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. ئىمكان بار ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرەتتى. ئۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئاشلىق يېتىشمىگەنلىكى، بەزىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇقتىن قىسىلغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، گوۋۋېيۇەندىن چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مائاشىغا يېمەكلىك سېتىۋېلىپ ئۆيلىرىگە ئەۋەتىپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، گوۋۋېيۇەن ئاخىر ئۇلارغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىپ، ئۇلارنى غەمدىن خالاس قىلدى. 1946 ـ يىلى توفتوئى پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، يەنە يۇقىرىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئامېرىكىغا قايتۇرۇپ كېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. قورۇقلۇق ئارمىيە تەكشۈرۈش، كېڭىشىش ئارقىلىق، ئاخىر 1946 ـ يىلى مىلاد بايرىمىغا ئىككى ـ ئۈچ كۈن قالغاندا، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئامېرىكىغا ئەكېلىپ، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ يېڭى يىلىغا ئاجايىپ زور خۇشاللىق بەخش ئەتتى.

دوستلىرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولغانلىقىنى كۆرۈپ، بلاۋئېرنىڭ كۆڭلى ناھايىتى ئازابلاندى. ئۇ مارىيەنىڭ قەيەردە ياشاۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاچ ـ توقلۇقىنى بىلمەيتتى، ئۇرۇشتىن كېيىن گېرمانىيىدە يېمەكلىكنىڭ قىسلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇ مارىيەدىن قاتتىق ئەندىشە قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق بولغاچقا، بلاۋئېرنىڭ ئىچى سىقىلاتتى. بۇ ياقا يۇرتتا بەكمۇ زېرىكەتتى، ھايات ـ ماماتلىق جەڭدە ئامان قالغان بلاۋئېر مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇپ يەتتى. مىلاد بايرىمى كېچىسى، ئۇ دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى ھەمدە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئاخىر مارىيەگە توي قىلىش تەلىپىنى قويۇپ خەت يازدى ھەمدە تېزدىن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئۇزاق ئۆتمەي مارىيەدىن جاۋاب خەت كەلدى. بلاۋئېر دەرھال قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە ئۆزىنىڭ دۆلىتىگە قايتىپ توي قىلىدىغانلىقىنى، ئاندىن ئايالىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئىلتىماس سۇندى. گېنېرال توفتوئى ئۇنى قىزغىن قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا بىر قوتا يۇرەك شەكىللىك شاكىلات سوۋغا قىلدى. ئۇنى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ گېرمانىيىگە بارىدىغان يۈك پاراخوتىغا چىقىرىپ، دۆلىتىگە ئۇزىتىپ قويدى. 1947 ـ يىلى مارتتا بلاۋئېر مارىيەنىڭ قولىدىن يېتىلەپ لانزىخۇتتىكى كىچىك چېركاۋغا كىرىپ، ئاددىي ھەم ھەيۋەتلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. باستىر مارىيەدىن:

ــ مارىيە، سىز بلاۋئېر ئەپەندىگە ياتلىق بولۇشنى خالامسىز؟ ــ دەپ سورىغاندا، بلاۋئېرنىڭ كۆز ئالدىدا تېكساسنىڭ كەڭ دالىلىرى نامايان بولدى. ئۇ ئۇنىنى چىقارماي: سۆيۈملۈكۈم، مەن سىزنى يېڭى قۇرۇقلۇقتا چوقۇم بەختلىك قىلىمەن، دەپ قەسەم بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تور بېكىتى

# توققۇزىنچى باب يېڭى چوڭ قورۇقلۇق پوقراسى

ئامېرىكىغا كەلگەن بىرىنچى يىلدا بىلاۋئېرنىڭ كۆڭلى ناھايىتى ئازادە ئۆتتى. ئۇ يېڭى راكېتا ياسىمىدى. پەقەت ئەسلىدىكى تېخنىكىلارنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتتى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ ئالەم سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

بىرىسبۇرگنىڭ كېچىسى ناھايىتى جىمجىت بولۇپ، كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى. بىلاۋئېرنىڭ ئۆيىدە چىراغلار يېنىپ تۇراتتى. مارىيە كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ پات ئارىدا دۇنياغا كۆز ئاچىدىغان بالىسىغا پوپايكا توقۇۋاتاتتى. بىلاۋئېر ئىش ئۈستىلىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئالەم ئېكسپېدىتسىيىسىدىكى تېخنىكىلىق ۋە غەيرىي تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلاتتى. ئۇ راكېتانىڭ ئىتتىرىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلىنى ۋە كۆپ قۇتۇپلۇق راكېتا ياساشنى، قۇياش سىستېمىسىدىكى باشقا پلانېتلارغا يۈرۈش قىلىشنىڭ ئېھتىماللىقىنى ئويلايتتى. پۈتۈن ئەس ـ يادى شۇ ئىشلاردا بولغانلىقى ئۈچۈن مارىيە بىرقانچە قېتىم چاقىرغان بولسىمۇ، ئۇ ئاڭلىمىدى.

— سىز نېمىشقا ئوي ـ خىياللىرىڭىزنى دوكلات قىلىپ تەييارلاپ قورال ـ ياراغ باش مەھكىمىسىگە يوللىمايسىز؟ — دەپ سورىدى مارىيە.

— مېنىڭ ئۇنداق ۋەزىپەم يوق، قورال ـ ياراغ باش مەھكىمىسىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، — دېدى بىلاۋئېر.

— ھەي، مەن بىر ئامال تاپتىم. سىز تەسەۋۋۇرىڭىزنى رومان قىلىپ يېزىپ چىقىڭ، بىر پىلان تۈزۈپ سىز ئويلىغان ئالەم

ئېكسپېدىتسىيىگە ئائىت ھەر تەرەپلىمە ئىشلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ يېزىپ چىقىشقىمۇ ھەم ھېكايە تۈسى بولىدۇ، ھەم ئىلمىيلىكى بولىدۇ. ئۇ ھالدا بۇ كىتابىڭىز تەسەۋۋۇرنى ياخشى كۆرىدىغانلارغا ئىلھام، ئالەم ئىشلىرىغا نىسبەتەن بىر مۇراجىئەت بولىدۇ. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ۋە ھەربىي تەرەپنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ قالامدۇ تېخى، كىم بىلىدۇ؟ ـــ دېدى مارىيە.

ـــ ھەي، بۇ ياخشى چارە ئىكەن، قېنى سىناپ كۆرەي.

يېرىم يىل تىرىشىش ئارقىلىق، 1947 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بلاۋئېر رومانىنى يېزىپ تاماملىدى. «مارس پىلانى» دېگەن بۇ رومانىدا ئىنسانلارنىڭ ئالەمنى بويسۇندۇرۇشتىكى ئاجايىپ مۇساپىسى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن ۋە ئالەمنى ساياھەت قىلىشتىكى تەسىرلىك كارتىنىلار نامايان قىلىنغانىدى. روماندىكى باش قەھرىمان بىر گۇرۇپپا ئالىملار بولۇپ، ئۇلار ئالەمنى ساياھەت قىلىشتەك كۈچلۈك ئارزۇسى بىلەن بىرلىكتە راكېتا ۋە ئالەم ئۇسكۈنىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىدۇ، ئۇلار ئۈچ قۇتۇپلۇق راكېتا ئارقىلىق ئالەم ئۇسكۈنىلىرىنى يەر شارى ئوربىتىسىغا كىرگۈزىدۇ، ئاندىن ئوربىتىدا ئۇلارنى قۇراشتۇرىدۇ. ئارقىدىن 10 ئالەم كېمىسى دەبدەبە بىلەن مارسقا ئۇچىدۇ، ئۇ يەردىكى ئاتموسفېرا ۋە يەر شەكلىنى تەتقىق قىلىدۇ. بلاۋئېر مەشھۇر ئىلىم ـ پەن ئۇستازى ئىدى، ئۇ ئۆز رومانىدا ئۈچ قۇتۇپلۇق راكېتانىڭ ئىتتىرىش كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى، ئالەم كېمىسى قازىنقىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە ئالەم ئۇچقۇچىلىرى دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلغانىدى. پۈتكۈل رومان گويا بىر ئالەم پىلانىغا ئوخشايتتى. رومانىنىڭ ئاخىرىدىكى قوشۇمچە جەدۋەلدە ئىلمىي تەھلىل ۋە كونكرېت ھېسابلاش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغانىدى.

بلاۋئېر رومانىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە ناھايىتى مەمنۇن بولدى ـ دە، ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا رومانىنى نيۇ ـ

يوركتىكى بىر نەشرىياتقا ئەۋەتتى. بىر يېرىم ئايلاردىن كېيىن، نەشرىيات چىرايلىق سۆزلەر بىلەن رومانىنى قايتۇرۇۋەتتى. جاۋاب خەتتە «ئەپەندى، بىز بۇنى پەقەت چۈشىنەلمىدۇق، ئۇنىڭغا باھا بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز» دېيىلگەنىدى. بلاۋئېر رومانىنى باشقا بىرنەچچە نەشرىياتقا ئەۋەتتى، بىراق جاۋاب ئوخشاش بولۇپ چىقتى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 18 نەشرىيات ئۇنىڭ رومانىنى چىقىرىشنى رەت قىلدى. بلاۋئېر ئاخىر قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئورىگىنالىنى بالىخانىغا تىقىپ قويدى.

1950 - يىلى ئامېرىكىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەتقىقاتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە قورال - ياراغ مەھكىمىسى ئالاباما شتاتىنىڭ خونچۋېردىكى زاۋۇتنى ئۆزگەرتىپ ئۇ يەردە ئامېرىكىنىڭ تۇنجى ھەقىقىي تەرەققىيات ئىقتىدارى بولغان راكېتا ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەتقىقات مەركىزىنى قۇردى ۋە بلاۋئېرنى دەرھال شۇ يەرگە يۆتكىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان دەۋر ئاخىر يېتىپ كەلدى. بلاۋئېر ئۇ يەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، بۇيرۇققا بىنائەن گېرمانىيىلىك، ئامېرىكىلىق راكېتا مۇتەخەسسىسلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكا تارىخىدىكى تۇنجى ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا — قىزىل ياقۇت ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ياساپ چىقتى. پىلان بويىچە، قىزىل ياقۇت ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ مۇساپىسى 350 كىلومېتىر بولۇش، ئۇنىڭغا ئەڭ نازۇك باشقۇرۇش سىستېمىسى ئورنىتىش تەلەپ قىلىناتتى. قىزىل ياقۇت ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياساش قۇرۇلۇشى ئىنتايىن زور ۋە مۇرەككەپ ئىدى. بلاۋئېر مۇتەخەسسىسلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ، بىر تەرەپتىن سىناق تەجرىبە ئۈسكۈنىسىنى ياسىسا، يەنە بىر تەرەپتىن باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ زاپچاسلىرىنى ياسايتتى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئومۇمىي پىلانى ۋە تەلىپىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشى

كېرەك ئىدى.

بلاۋئېر قىزىل ياقۇت نامىلىق راكېتانى تەتقىق قىلىپ ياساش جەريانىدا، نۇرغۇنلىغان يېڭى كەشپىياتلارنى سىناپ ئىشلىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ھەمدە يېڭى راكېتا تېخنىكىسىنى ئىجاد قىلدى. ئىلگىرى راكېتانىڭ ئېلېكتر سىستېمىسىغا كۆپلىگەن ئېلېكترونلۇق لامپا ئىشلىتىلگەچكە، راكېتانىڭ ئېغىرلىقى ۋە ھەجمى ئېشىپ كېتەتتى، ئىشەنچلىكلىكى تەسىر يېتەتتى. بلاۋئېر تېخنىكا ماتېرىياللىرىنى كۆرۈۋېتىپ، تاسادىپىي ھالدا كرىستال لامپا تەتقىقاتىغا ئائىت بىر پارچە ماقالىنى بايقاپ قالدى ـ دە، شۇ ھامان بۇنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم كەشپىيات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئېلېكترون تەتقىقاتچىلىرىغا كرىستال لامپىنى سىناق قىلىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى، ئاخىر چوڭ تىپتىكى قىزىل ياقۇت نامىلىق راكېتانى پۈتۈنلەي كرىستال لامپا ئىشلىتىپ ئىشەنچلىكلىكىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. لەيلىمە ساقلىنىق قازانمۇ بىر تۈرلۈك يېڭى كەشپىيات ئىدى، بلاۋئېر: ئۇ پىلدىراق ئەسۋابى باشقۇرغۇچىسىنىڭ مۇقىملىقى ۋە توغرىلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ، دەپ پەرەز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خادىملارنى تەشكىللەپ تەتقىقاتقا كىرىشىپ كەتتى ۋە ئاخىر ئىنتايىن نازۇك ۋە مۇكەممەل بولغان ترايېكتورىيىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئايلىنىشىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ، راكېتانىڭ ئۇچۇشتىكى ئىشەنچلىكلىكىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى.

1953 ـ يىلى بلاۋئېرنىڭ ئالاھىدە باشقۇرۇشى ۋە يېتەكلىشى بىلەن، قىزىل ياقۇت نامىلىق راكېتا مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىلدى. ئۇ ئامېرىكىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كۇچىگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەمدە دۇنيا بويىچە باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. قىزىل ياقۇت نامىلىق

باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىلىشى بۇنىڭدىن كېيىنكى چوڭ تىپتىكى راكېتا تەتقىقاتى ئۈچۈن مول مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە توپلاپ بەردى ۋە چوڭ تىپتىكى توشۇغۇچى راكېتا ياساش، ئاخىرقى ھېسابتا ئالەمگە كىرىش ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى.

بىرىسبۇرگتىكىگە ئوخشاشلا، بلاۋئېر شۇ جايدىكى تۇرلۇك پائالىيەتلەرگە قىزغىن قاتنىشىپ، ئۇ يەرنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىغا ئوبدانلا كۆنۈپ قالدى. خونچۇۋېرنىڭ تۇپرىقىغا قەدەم باسقاندىن باشلاپلا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەردە خېلى ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى سېزىپ، خونچۇۋېرنىڭ تارىخى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ دائىم چېركاۋغا بېرىپ شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە مۇھاكىمىگە قاتناشتى. گېرمانىيىلىكلەر بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ چويلا توپ مۇسابىقىسىنى تەشكىللىدى. ئايالى مارىيەنىڭ گېرمانىيە بولكىلىرىنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىشىغا ۋە بۇ ئارقىلىق ئامېرىكا ئاياللىرى بىلەن ئۆز ئارا ئورتاقلىق ھاسىل قىلىشىغا ئىلھام بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي خونچۇۋېر شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ گېرمانىيىلىكلەرگە بولغان تونۇشىدا ئۆزگىرىش بولدى، مۇناسىۋىتىمۇ كۈنسايىن قويۇقلاشتى، بلاۋئېرنىڭ قەيسەر ئوبرازىمۇ بارا ـ بارا كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى.

بلاۋئېر باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىللە ئالەم قاتنىشى جەھەتتىكى ئىزدىنىشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. 1947 ـ يىلى «مارس پىلانى»دا ئالەم قاتنىشى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، 1952 ـ يىلى يەنە بىر مۇشكۇل ۋە زور تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى ئادەم توشۇغۇچى ئالەم پونكىتى قۇرۇش تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دەپ قارىدى: ئۈچ قۇتۇپلۇق راكېتا ئارقىلىق ئالەم پونكىتى قۇرۇشقا كېرەكلىك ماددىي ئەشيالارنى تۇركۇملەپ ئالەم بوشلۇقىغا ئاچىقىلى ھەمدە ئۇزاق مۇددەت ئالەم

بوشلۇقنى كۆزەتكىلى بولىدۇ. ئالەم پونكىتىنىڭ ئۇچۇش ئۆيى بولىدۇ. خىزمەتچىلەر يەر شارىغا قايتىپ كەلمەكچى بولسا، ئالەم ئايروپىلانى بىلەن قايتىپ چۈشسە بولىدۇ. بلاۋئېر، تېخنىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئالەم پونكىتىنى قۇرۇش تامامەن مۇمكىن. بىراق، ئاچقۇچلۇق مەسىلە يەنىلا مەبلەغدە دەپ قاراپ، ھېسابلاپ كۆردى: بىر ئالەم پونكىتى قۇرۇش ئۇچۇن 4 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى كېتەتتى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىنسانلارنىڭ ئالەم بوشلۇقىغا كىرىشىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش ئۇچۇن، ئىلىم - پەندە ئالەم بىئولوگىيىسى دېيىلىدىغان يېڭى بىر پەننى تەسىس قىلىش كېرەك. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئالىملار ھايۋانلار قاچىلانغان بىرنەچچە راكېتا بىلەن ئالەم بوشلۇقىغا كىرىدۇ. مەسىلەن، مايمۇننى ئالەم بوشلۇقىغا ئاچىقىپ، سىمسىز تەۋرىنىش ئارقىلىق مايمۇننىڭ ئۇزاق مۇددەت ئېغىرلىقنى يوقاتقان ۋاقىتتىكى ھالىتى ۋە ئىنكاسىنى تەكشۈرىدۇ. بلاۋئېرنىڭ يۇقىرىقى تەسەۋۋۇرلىرى كېيىنكى ئالەم قاتنىشى تارىخىدا بارا - بارا ئىسپاتلاندى. 1952 - يىلى ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئالەم بوشلۇقىغا كىرىش مۇساپىسىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى لايىھەلەپلا قالماي، بەلكى كونكرېت قۇرۇلۇش سان - سىپىرلىرىنى، تەلەپلىرىنى ئەمەلىي ھېسابلاپ چىقتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، بلاۋئېر ئۆزىنىڭ «مارس پىلانى»دىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇردى. بۇ كىتاب 1951 - يىلى ئېلان قىلىنىپ كۆپلىگەن ئالەم قاتنىشى ھەۋەسكارلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. بلاۋئېر، كەلگۈسىدە ئىنسانلار ئاتومنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ قىلغان راكېتانى خىمىيىلىك راكېتانىڭ ئورنىغا دەسسىتىدۇ، بۇنىڭ ھەم ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ، ھەم راكېتانىڭ سۈرئىتى ۋە ئۇچۇش ئارىلىقى نەچچە ھەسسە ئېشىپ بارىدۇ. مۇشۇنداق راكېتا بولغاندىلا ئىنسانلار كۆپلىگەن ماددىي ئەشيالارنى يەر

شارىدىن ئەكېتەلەيدۇ ھەم يەر شارىغا ئەكېلەلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئايغا ياكى مارسقا چىقىشىمۇ ئاسانغا توختايدۇ، دەپ ھېسابلىدى. بلاۋئېر يەنە مۇنداق دەپ قارىدى: ئالەم قاتنىشى پىلانى پىششىپ يېتىلگەندىن كېيىن، ئالەم قاتنىشى پەقەت ئېكسپېدىتسىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىپلا قالماي، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ياشاش ماكانىنى كېڭەيتىشتىكى بىر خىل ۋاستىگە ئايلىنىدۇ. ئىنسانلار ئاي شارى، ۋېنېرا ۋە باشقا پلانېتىلاردا مۇستەملىكىلەرنى بەرپا قىلىدۇ. ئىنسانلار زۆرۈر ئۈسكۈنىلەرنى ئاي شارىغا ئاچىقىپ، ئۇ يەردە زاۋۇت، تەجرىبىخانىلارنى قۇرۇپ، ئاي شارىدىكى كەم ئۇچرايدىغان مېتاللارنى قازىدۇ؛ ئىنسانلار يەنە راكېتا ئارقىلىق چوڭ زەمبىرەكلەرنى ۋېنېراغا ئاچىقىپ، ۋېنېرانىڭ گاز قاتلىمىنى پارتلىتىپ، ۋېنېرانىڭ كىلىماتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆسۈملۈك ۋە جانلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، مۇھىتىنى ياخشىلايدۇ، نەتىجىدە ۋېنېرا ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى يەر شارىغا ئايلىنىدۇ؛ ئىنسانلار يەنە پلانېتىلاردا تۇرالغۇ نۇقتىسى قۇرسىمۇ بولىدۇ؛ راكېتا بىلەن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالەم بوشلۇقىغا ئاچىقىپ، ئۆزلۈكىدىن ئايلىنىدىغان يۇمىلاق تۈۋرۈك شەكىللىك جىسىملارنى ياسايدۇ، ئاندىن تۈۋرۈك جىسىمنىڭ يۈزىگە تۇپراق يېيىتىپ ۋە كۆل ياساپ، يەر شارىغا ئوخشاش ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بەرپا قىلىدۇ.

1954 ـ يىلى ئىيۇلدا بلاۋئېر تەكلىپكە ئاساسەن، ۋاشىنگتونغا بېرىپ ئامېرىكا سۈنئىي ھەمراھ تەرەققىيات مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندا ئۇ ئامېرىكىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش شارائىتى پىشىپ يېتىلدى، پەقەت قىزىل ياقۇت ناملىق راكېتاغا سەل ـ پەل تۈزىتىش كىرگۈزسەكلا، بەش كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى سۈنئىي ھەمراھنى ئوربىتىغا كىرگۈزگىلى بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. شۇ يىلى دېكابىر ئېچىلغان ئوربىتىدا ئۇچقۇچى ئەسۋاب مۇھاكىمە يىغىنىدا، بلاۋئېر مۇنداق دەپ قارىدى: خونچۇېر زاۋۇتىنىڭ

ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئايلىنىشىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، 1956 ـ يىلى ئاۋغۇستتا تۆت دانە كىچىك تىپتىكى سۈنئىي ھەمراھنى قويۇپ بەرگىلى بولىدۇ.

بىراق، ئەمەلدارلار ئالىملارنىڭ تەكلىپىگە دىگەندەك ئەھمىيەت بەرمىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئارمىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت يۈز بېرىپ پىلاننى ئىجرا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بىلەن دېڭىز ئارمىيىسى سۈنئىي ھەمراھ تۈرىنى كەسكىن تالاشتى. نەتىجىدە دېڭىز ئارمىيىسى غالىب كەلدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بلاۋئېرغا بۇنىڭدىن كېيىن سۈنئىي ھەمراھ خىزمىتىنى قەتئىي ئۇنتۇپ كېتىشنى ئۇقتۇردى.

1955 ـ يىلى بلاۋئېر كۆپىنچە نامەلۇم باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى تەتقىق قىلىپ ياساشقا كىرىشتى. بۇ خىل باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئىتتىرىش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك، مۇساپىسى ناھايىتى يىراق ئىدى، ئۇنى كۆپ قۇتۇپلۇق قىلىپ ئۆزگەرتكىلى بولاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئالەم ئىشلىرىدىكى ئەھمىيىتى ناھايىتى زور ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، بلاۋئېر ئىتتىرىش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بىر ماتور ياسىشى ھەمدە راكېتانىڭ گەۋدىسىنى چوڭايتقاندا كېلىپ چىقىدىغان قۇرۇلمىلارنى ماسلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك ئىدى.

1955 ـ يىلى 15 ـ ئاپرېل پۈتۈن زېھنى بىلەن تەتقىقات ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتكەن بلاۋئېر ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەم ئەڭ خۇشاللىق بىر كۈننى كۈتۈۋالدى. بۇ كۈنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بلاۋئېر ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە خىزمەتداشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ئامېرىكا پۇقراسى بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. تەبرىكلەش مۇراسىمى خۇنچۋىر ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئۆتكۈزۈلدى. زالغا رەڭگارەڭ چىراغلار ئېسىلغانىدى، ھەربىر گېرمانىيىلىك ئاجايىپ ھاياجانلانغانىدى. تەبرىكلەش

يىغىنىدا توفتوئى بلاۋئېرنى تەبرىكلىدى ھەمدە ئۇنىڭ ئامېرىكىغا قوشقان زور تۆھپىسىگە رەھمەت ئېيتتى. ئۇ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— سىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىڭىز، ئالدىن كۆرەرلىكىڭىز، تەسەۋۋۇر كۈچىڭىز ئامېرىكىنىڭ ئالەم قاتنىشى ئىشلىرىغا مەڭگۈ ئىلھام بەرگۈسى، خونچۇېر سىزدىن پەخىرلىنىدۇ، پۈتۈن ئامېرىكا سىزدىن پەخىرلىنىدۇ.

# ئونىنچى باب ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ ساياھىتى

1956 ـ يىلى فېۋرالدا ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى خونچۇېر رېدستون زاۋۇتىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىشلەپ چىقىرىش مەركىزىنى قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ مەخسۇس باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىدارىسىگە ئۆزگەرتتى. بلاۋئېر بۇ ئىدارىنىڭ تېخنىكا يېتەكچىلىكىگە قويۇلۇپ، باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى تەتقىق قىلىش ۋە سىناق قىلىش، زاپچاسلارنى قۇراشتۇرۇش، ئۆرنەك مال ئىشلەپ چىقىرىش، مۇقىم ھالەتتە سىناق قىلىش ۋە قويۇپ بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى. بلاۋئېرنىڭ قولىدا 1600 دىن ئوشۇق قۇرۇلۇش تېخنىكى بولۇپ، خىزمىتى ناھايىتى ئالدىراش ئىدى.

1956 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، كۇبىت ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئاخىرلىشىپ كېيىنكى يىلى سىناق قىلىندى، بىراق سىناقتا باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ قۇيرۇق قىسمىدىكى توك يولىنىڭ تېمپېراتۇرىسى زىيادە ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن پارتلاپ كەتتى. كېيىن بلاۋئېر باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ قۇيرۇق قىسمىغا يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىزىتىشتىن ساقلىغۇچى ئۇسكۇنە ئورناتتى. ئىككىنچى قېتىم سىناق قىلىپ قويۇپ بېرىلگەن كۇبىت ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىمۇ يۇتۇنلەي مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ كەتمىدى. سەۋەب، سۇيۇق يېقىلغۇ تولا چايقىلىپ، باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇچۇش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. 1957 ـ يىلى 31 ـ مايغا كەلگەندە، كۇبىت ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا تۇنجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچتى

ھەمدە 1000 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بەش ئوكياندىن باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ بېشى ئوخشۇشلۇق قايتۇرۇپ كېلىندى.

كۆپ ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن، بلاۋئېر قاتارلىقلار كۆپ — C ناملىق ۋاكىپتانى ياساپ چىقتى. بۇ ئۈچ قوتۇپلۇق راكېتا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۇچۇش تېزلىكى سائىتىگە 25 مىڭ 600 كىلومېتىر كېلەتتى. ئەڭ يۇقىرى ئۇچۇش مۇساپىسى 5300 كىلومېتىر ئەتراپىدا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇش تېزلىكى ۋە مۇساپىسى ئامېرىكىدا ئىلگىرى ياسالغان ھەرقانداق بىر باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىنىشى ئامېرىكىنىڭ كىچىك تىپتىكى سۇنئىي ھەمراھنى قويۇپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

بىراق دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى E ۋېلسون داڭلىق «ۋەزىپە ۋە بۇرچ» يولىيورۇقىنى بېرىپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيىدىن ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەتقىقاتىنى قويۇپ تۇرۇپ، 350 كىلومېتىر ئىچىدىكى قىسقا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەتقىقاتىنى باشلاشنى تەلەپ قىلدى. بۇ بۇيرۇق قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىدارىسىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئويناشقانغا تەڭ ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى خەجلەپ ياساپ چىققان كۆپ ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىر دۆۋە كېرەكسىز تۆمۈرگە ئايلىناتتى. شەيئىلەر تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈپ كەلگەن، چوڭ تىپتىكى توشۇغۇچى راكېتاغا ئىگە بولغان قۇرۇقلۇق ئارمىيە باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىدارىسىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئالەم قاتنىشى تورىنى تەتقىق قىلىشى كېرەك ئىدى، بىراق بىر بۇيرۇق بىلەن ئۇلارنىڭ ئالەمگە يۈرۈش قىلىشى سۇغا چىلاشتى.

ۋېلسوننىڭ يولىيورۇقى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىدارىسىدە

كۈچلۈك ئىنكاس قوزغاپ، خۇددى بىر باشقۇرۇلىدىغان بومبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىدارىسىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا پارتلاپ كەتكەندەك بولدى. كىشىلەر بىرمەھەل ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيىدىغان پولكوۋنىك نىككېرسون ۋېلسۇننىڭ قارارىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، دەرھال ئوبزور ئېلان قىلىپ، ۋېلسۇننىڭ بيۇروكراتلارچە ئۇسۇلىنى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىنى چەتكە قېقىش قىلمىشىنى ۋە بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللارنىڭ ئۆز ئارمىيىسى ۋە كارخانىسىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، دۆلەت مەنپەئەتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشىدەك چاكىنا قىلمىشىنى ئېچىپ تاشلىدى.

پولكوۋنىك نىككېرسون مۇنداق كۆرسەتتى: كۇبىت ــ C ناملىق راكېتا سۇنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىمۇ، بىراق مۇداپىئە مىنىستىرى بۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلماي، نەتىجىدە خونچۇۋېردىكى راكېتالارنى توپا باستى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى دېڭىز ئارمىيىسى تەجرىبىخانىسىنى تاللاپ سۇنئىي ھەمراھ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى، بىر تاق تۇر ئۇچۇن تارىختىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى خىراجەت ئاجراتتى، يەنى 11 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى 110 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا كۆپەيتتى. نەتىجىدە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ «ئاۋانگارت» ناملىق راكېتا تەتقىقاتى ئۇدا مەغلۇپ بولۇپ، ھېچقانچە ئىلگىرىلەش بولمىدى، ھەتتا تەتقىقاتچىلارمۇ ئىشەنچىنى يوقاتتى.

نىككېرسون يەنە مۇنداق دېدى: مەسلىھەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى رېدفرد ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن باشلاپ پەقەت ئۆزىنىڭ ئارمىيىسىگىلا كۆڭۈل بۆلدى. باشتا ھاۋا ئارمىيىسىنى چەتكە قاقتى، ئارقىدىن ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى چەتكە قاقتى. ئۇ ھازىر ھوقۇق بىلەن ئويناشماقتا، ئۇ ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنى،

خالاس.

پولكوۋنىك نىككېرسون يەنە مۇنۇلارنى ئاشكارىلىدى: ھاۋا ئارمىيە مىنىستىرى بىلەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ئىلگىرى چوڭ كارخانىلاردا خىزمەت قىلغان. بۇ كارخانىلار باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ياساشنى ھۆددىگە ئالىدىغان سودىگەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار كارخانىنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ نورمال رىقابەت ۋە دۆلەت مەنپەئىتى بىلەن كارى بولمىدى. بۇ كارخانىلار قىلچە ئۈستىگە ئالالمايدىغان ۋەزىپىنى ئۇلارغا تەقسىملەپ بەردى، نەتىجىدە باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ پۇلى بىكاردىن ـ بىكار سۇدا ئېقىپ كېتىپ، دۆلەتنىڭ ئالەم سانائىتى ئىشلىرى يەنە بىر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى.

پولكوۋنىك نىككېرسون ھەربىي تەرەپنىڭ بىرمۇنچە ئىچكى ئىشلىرىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن دەرھال غۇلغۇلا پەيدا بولدى. ئۇ بلاۋئېرنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. شۇڭا، بلاۋئېر ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلدى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى رەھبەرلىرى دەرھال ھەرىكەت قوللاندى، يەنى ئۇلار ئادەم ئەۋەتىپ نىككېرسوننىڭ ئۆيىنى تىنتىدى، ئۇنى قاتتىق تەكشۈردى. قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوغدىشى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ بىر ـ نەچچە ئېغىر جىنايىتى، مەسىلەن، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلمىش، جاسۇسلۇق، يالغان ئىسپات توقۇش جىنايىتى بىكار قىلىنىپ ئۇنىڭغا پەقەت بىخەتەرلىك بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلدى، دېگەن جىنايەت بىلەن ۋەزىپىسىدىن بىر يىل توختىتىپ قويۇش جازاسى بېرىلدى.

1956 ـ يىلى دېكابىردىكى «نىككېرسون ۋەقەسى» قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەتقىقاتىغا پايدىلىق تەسىر كۆرسەتتى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ۋىلسون قۇرۇقلۇق ئارمىيىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، 1957 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇلدىن 1958 ـ يىلى 1 ـ يانۋارغىچە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ مەبلىغىدىن كۆپىنچە پىلانىغا خىراجەت

ئاجرىتىشقا قوشۇلدى ھەمدە ئۈچ خىل ئارمىيىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەرەققىياتىنى ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى قۇرىدىغانلىقىنى، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىلىرىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەتقىقاتى ۋە تۈرىنى بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى پرىنسىپ جەھەتتىن ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ جايدىكى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ ۋىلسون ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1965 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئامېرىكىنىڭ ئالىم ئىشلىرى نۇرغۇن توسالغۇغا ئۇچرىدى. ھەربىي تەرەپنىڭ تۈرلۈك توسقۇنلۇقىدىن باشقا، جەمئىيەتتە خېلى كۆپ كىشىلەر بلاۋئېرنىڭ ئىشىنى ئەيىبلىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىنسانىيەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، نۇرغۇن مۇھىم تېخنىكىلار مەيدانغا كېلىش بىلەن بىللە ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ھەش ـ پەش دېگۈچە بۇ تېخنىكىلارنى قوبۇل قىلىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى ھەتتا ئۇلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە قايتىش ھەققىدە جار سېلىشتى. بۇنداق قاراشقا بلاۋئېر ئەسلىدىنلا قوشۇلمايتتى، بىر قېتىم ئۇ مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز قارىشىنى مەركەزلىك ئىپادىلىدى، ئۇ مېغىزلىق سۆزلەر بىلەن ئەڭ قىزغىن مۇنازىرە قىلىپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

ــ ئوپپېنخېيمېر ئامېرىكا ئاتوم بومبىسى ياساشقا كىرىشكەندىن بۇيان، بارلىق ئاتوم ھەققىدىكى تەتقىقات قىممىتىنى يوقاتتى دېگەندى، سىزنىڭچە راكېتا تەتقىقاتىمۇ شۇنداق بولارمۇ؟ ــ دېدى مۇخبىر. بلاۋئېر مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ــ ئالدى بىلەن ئوپپېنخېيمېرنىڭ بۇ خىل قارىشىغا قوشۇلمايمەن. ئاتوم بومبىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياپونلۇقلارنىڭ جېنىغا زامىن بولدى، بىراق، ئاتوم

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئورنى www.uyghurkitap.com

بومبىسى بولمىغان بولسا، قانچىلىغان ئامېرىكا ئەسكىرى ئۆلۈپ كېتەتتى؟ ياپونىيىگە بېسىپ كىرگەندە قانچىلىك ياپونلۇق ئەسكەر ۋە پۇقرا ئۆلەتتى؟ بۇلارنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەيدۇ. بىراق، مېنىڭچە ناھايىتى نۇرغۇنى ھالاك بولاتتى. ئاتوم بومبىسى تاشلانغانلىقى ئۈچۈنلا ياپونىيە ھۆكۈمىتى بالدۇرراق تەسلىم بولدى. ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭ زىيىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشتى. شۇڭا، مەن ئاتوم بومبىسىنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ زىيىنىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەپ قارايمەن. ئالەم تېخنىكىسىنى ئالساق، شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىشىمىز كېرەككى، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلايدۇ. ئالەم قاتنىشى تەرەققىياتىدىكى نۇرغۇن تېخنىكا نەتىجىلىرى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاستە مۇلازىمەت قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئالەم قاتنىشى ئارقىلىق ئىنسانلارغا ھاياتلىق ماكانى ئاچقىلى بولىدۇ. ئۇ ئارقىلىق تاشقى پلانېتىنىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش بىلەن قالماي، بەلكى تاشقى پلانېتتىكى بايلىقلارنىمۇ ئېچىپ، بىزنىڭ يەر شارىنىڭ كەم تەرەپلىرىنى تولدۇرغىلى بولىدۇ. ھەتتا شۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسى يۇكسەك تەرەققىي قىلغان كەلگۈسىدە، بىز ئاي شارىدا، ۋېنېرادا ئۆي سالىمىز ياكى مىلاد بايرىمى كېچىسى ئايغا بېرىپ دوستلىرىمىزنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولالايمىز.

— ئەلۋەتتە، — دېدى بلاۋئېر سەل ئويلىنىپ، — ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىگە يېتىشىۋېلىشى كېرەك، ھەربىر ئالىم ئۆز تەتقىقاتىنىڭ پەيدا بولىدىغان تەسىرىگە كۆپرەك دىققەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر دۇنيانىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى تېخنىكا ئىنقىلابىغا ئەگىشىپ مۇستەھكەملەنمىسە، ئۇ ھالدا دۇنيادا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ. شۇنى ئېسىمىزدە ساقلىشىمىز كېرەككى، ئات ھارۋىسى قاتناش قورالى قىلىنغان كونا جەمئىيەتتە، ئەگەر ھارۋىكەش مەينى كۆپ ئىچىپ قويسىمۇ ھېچكىم يارىلانمايتتى، بىراق

بۇگۈنكىدەك ماشىنىلاشقان دەۋردە ئەينى چاغدىكى بىلەن ئوخشاش مىقداردا هاراق ئىچكەندە، كىشىلەرنىڭ جىنىغا زامىن بولىدىغان گەپ. شۇڭا، ئالەم قاتنىشى ئىلمىدە بىز ئالەمگە يۈرۈش قىلغان تىنچ ئىزدىنىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. پۈتۈن دۇنيادىكى ئالىملارنىڭ زىچ هەمكارلىشىشىنى تەشەببۇس قىلىمىز. ئالەمگە ساياهەت قىلىشنىڭ ئومۇمىي مەنىسى مۇنداق: يەر شارىدىكى ئىنسانلارنىڭ نەزىرىنى ئالەمگە جەلپ قىلىش، يەر شارىنىڭ سان ـ ساناقسىز پلانېتىلار ئارىسىدىكى ئادەتتىكى بىر پلانېتا ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدە تۇتۇش، ئالەم بوشلۇقىنى ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن تەتقىق قىلىش هەمدە ئىنسانلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئۆزئارا قىرغىنچىلىقلىرىنى مەسخىرە قىلىشتىن ئىبارەت.

بلاۋئېر كۆزقارىشىنى دائىم باشقىلارغا ئاشكارىلاپ تۇراتتى. چۈنكى، ئوخشاش قاراشتا بولمىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلاتتى. بىر قېتىم خونچۇۋېردىكى تاماق زىياپىتىدە چىرايى سۇرلۇك بىر پوپ بلاۋئېرغا:

ـــ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالابىما شتاتىدا ئۇدا قۇرغاقچىلىق بولۇپ، زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتتى، سىلەر تولا راكېتا ئېتىپ ئاسماندىكى بۇلۇتلارنى يوقىتىۋەتتىڭلار، يامغۇر ياغماس بولدى، سىلەر قاچان بۇ ئىشتىن قولۇڭلارنى ئۈزىسىلەر؟ ـــ دېدى. بلاۋئېر شۇ هامان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

ـــ سىز ئىنجىل قىسسىلىرىنى پىششىق بىلىسىز، تەڭرىنىڭ شوتىسىنىمۇ بىلىسىز، پەرىشتىلەر تەڭرىنىڭ شوتىسى بىلەن چىقىپ چۈشىدۇ، بىزمۇ شۇنداق قىلماقچى. ئەگەر خۇدا بىزنىڭ ئالەم بوشلۇقىغا چىقىپ چۈشۈشىمىزگە يول قويمىسا، ئۇنداقتا تەڭرىنىڭ شوتىسىنى ئۆرۈۋەتسەڭلار ئىش پۈتىدۇ، ـــ دېدى.

بلاۋئېرنىڭ ئۇستىلىق بىلەن بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك گۇلدۇراس ئالقىش ياڭراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن،

خونچۇبېردىكى كىشىلەر ئۇنى كۆرسە «خونچۇبېرلىك پەرىشتە» دەپ ئاتايدىغان بولدى.

دۆلەت مەجلىسىدىكى ئالەم قاتنىشىغا قىلچە قىزىقمايدىغانلار ۋە تەسىرى ئەڭ زور بولۇۋاتقانلار كېڭەش ئەزالىرى ئىدى. ئۇلار ھەميانلىرىنى چىڭ ئېتىپ، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئالەم ئىشلىرىغا ئاجرىتىلىدىغان مالىيە خام چوتىنى قىسقارتىشقا ئۇرۇناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، ئالغا ئىنتىلىشنى خالىمايدىغان مۇتەئەسسىپلەر بولۇپ، ھازىر ئامېرىكىنىڭ تېخنىكىسىغا، دۈشمەن دۆلەت يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى (سابىق) 10 يىلدىمۇ يېتەلمەيدۇ دەپ قارايتتى. بىر قېتىم بلاۋېر باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىدارىسىدىكى گېنېرال گاۋېن بىلەن دۆلەت مەجلىسىگە بېرىپ ئىسپات بەردى. بلاۋېر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشتىن كېيىن، زور تۈركۈمدە ئالىم ۋە ئىنژېنېرلارنى تەربىيىلەپ چىقتى، خېلى ئىلغار بولغان ئالەم تېخنىكىسىغا ۋە ئۈسكۈنىسىگە ئىگە بولدى. پەرىزىمچە ھازىر سوۋېتلىكلەر سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش ۋە قىتئەلەر ئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش ئەمەلىي كۈچىگە ئىگە. بىز بۇنىڭدىن پەخەس بولۇشىمىز كېرەك، سەللا بىخەستەلىك قىلساق يامان ئاقىۋەتكە قالىمىز.

كېڭەش ئەزالىرى بلاۋېرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بىرھازا كۈلۈشتى. كېڭەش ئەزاسى ئېللېندېر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، بلاۋېر ئالجىۋاتىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ ياكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى مەن يېقىندىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولدۇم، شەھەر كوچىلىرىدا ماشىنىلار ناھايىتى ئاز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك كونا ئىكەن، دېدى.

1957 ـ يىلى 4 ـ ئۆكتەبىر يېڭىدىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولغان نېيل ماك ئېلروي خونچۇبېر باشقۇرۇلىدىغان

بومبا مەركىزىنى زىيارەت قىلدى. مېھمانلار مەركەزنى يېرىم كۈن كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە قىسقىچە يولىيورۇق بەردى. ئاندىن ساھىبخانىلار ماك ئېلروينىڭ راكېتا تەتقىقات بەنزىسىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى بىلەن تونۇشقانلىق شەرپىگە زىياپەت بەردى.

زىياپەت ئەركىن ـ ئازادە، ئوچۇق ـ يورۇق كەيپىيات ئىچىدە ئۆتتى. ماك ئېلروي بىلەن بلاۋئېر قىزغىن سۆھبەتلەشتى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قىزغىن چاۋاك ۋە كۈلكە سادالىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. بىر چاغدا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىدارىسىنىڭ بىر ئەمەلدارى ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى ـ دە، سالاممۇ قىلماي، ئاچچىقلانغان ھالدا:

ـــ بايا رادىئودا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر سۈنئىي ھەمراھىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بەرگەنلىكى خەۋەر قىلىندى، ـــ دېدى.

شۇئان كۆپچىلىك ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى. بلاۋئېر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئورنىدىن دەس قوپتى ـ دە:

ـــ مەن ئۇلارنىڭ سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئالللىقاچان بىلگەن، دۆلەت مەجلىسىدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىدۇ دەپ ئاگاھلاندۇرغان! «ئاۋانگارت»ناملىق سۈنئىي ھەمراھمۇ بىر باشقا چىقمىدى، ئۇنى بىزگە تاپشۇرۇڭلار، بىز قىلايلى، بىزنىڭ جازىمىزدا باشقۇرۇلىدىغان بومبا قۇرۇلمىسى بار، ئاھ خۇدا، بۇ ئىشنى بىزگە بېرىڭلار. 60 كۈندىلا بىز سۈنئىي ھەمراھنى قويۇپ بېرەلەيمىز. 60 كۈنلا كۈپايە قىلىدۇ، ـــ دېدى.

ئۆيگە قايتقۇچە چەكسىز ھاياجانغا چۆمگەن بلاۋئېر دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ئۇنىڭغا ھېچقانداق ۋەدە بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە سۈنئىي ھەمراھنى قويۇپ بېرىشتىكى ئىنچىكە ھالقىلار ھەققىدە ئويلاندى. سائەت 6 يېرىمدا رادىئودا ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرى ئاڭلىتىلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى

خەۋەردە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىر دانە يەر شارى سۈنئىي ھەمراھىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بەردى. ئىگىلىنىشىچە، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 83 كىلوگرام، شار گەۋدىسىنىڭ دىئامېتىرى 58 سانتىمېتىر، ئۇچۇش ئېگىزلىكى تەخمىنەن 910 كىلومېتىر، سائەتلىك سۈرئىتى 28 مىڭ 800 كىلومېتىر كېلىدىكەن. ئوربىتانىڭ دەۋرىيلىكى 1 سائەت 36 مىنۇت 12 سېكۇنت ئىكەن. دېدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن خەۋەر ئامېرىكا جامائەتچىلىكىنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىۋەتتى، نۇرغۇن كىشىلەر سوۋېتلىكلەر كېيىنكى قەدەمدە ئامېرىكىغا ئاتوم بومبىسى تاشلايدىغان بولدى دەپ ئەندىشىگە چۈشتى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى سۈنئىي ھەمراھىنىڭ ئامېرىكىنىڭ فىلادېلفىيە، پىتتسبۇرگ، كولۇمبۇس، ھىندىيانا پولىس ۋە دانۋېر قاتارلىق چوڭ شەھەرلىرىنىڭ ئاسمىنىدا ئۇچقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىختىيارسىز پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك باستى. ئىلگىرى ناتسىستلارنىڭ ئايروپىلانلىرىمۇ ئوكيان ئاتلاپ ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىپ باقمىغان، ياپونىيىنىڭ ئىككى ـ ئۈچ ئۇرۇش پاراخوتى بىرنەچچە پاي زەمبىرەك ئېتىپلا قاچقان. ئەمدىلىكتە كۈچلۈك سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئالەم ماشىنىسىنى ئۇلارنىڭ بېشىدا ئۇچۇرماقتا ئىدى. كىم بىلىدۇ، ئۇلار ئۇخلاۋاتقاندا قانداق نەرسە تاشلىۋېتىدۇ تېخى. ئامېرىكا جامائەتچىلىكى بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ئۈمىدسىزلەندى. بىر يېڭى دۆلەت ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە، قەدىمىي ئامېرىكا ئۇنىڭ ئارقىسىدا قالسا ـ ھە ! بالاۋىبىر كوچىدا كېتىۋېتىپ كىشىلەرنىڭ «بىزنىڭ ئالىملىرىمىز نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ !» دەپ ۋارقىراشقانلىرىنى ئاڭلايتتى ۋە كەمسىتكەن نەزەردىكى قاراشلىرىنى كۆرەتتى.

3 ـ نويابىر سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككىنچى سۈنئىي ھەمراھىنى قويۇپ بەردى ھەمدە يەر شارى سۈنئىي ھەمراھى II گە

قانجۇق «لايكا» نى چىقاردى. سوۋېت ئىتتىپاقى رادىئوسىدا سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن ئىتنىڭ يۈرەك سوقۇشى ۋە نەپەسلىنىشى ئاڭلىتىلدى. بۇ سۈنئىي ھەمراھ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئېنىق نامايان قىلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى 495 كىلوگرام كېلەتتى. جامائەتنىڭ ئاچچىقى بىردەمدىلا قىيقاس ـ چۇقانغا ئايلاندى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئەمدى سۈكۈت قىلىپ تۇرالمىدى. 8 ـ نويابىر زۇڭتۇڭ ئېيزېنخاۋېر: قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ كۈبىت ـــ C ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئارقىلىق بىر دانە سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىشنى قارار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خونچۋېر شەھەر ئاھالىسى خۇشاللىققا چۆمدى. ئەمما، بلاۋئېر بىلەن باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مېدارىس قاتتىق غەمگە پاتتى. چۈنكى، ۋاشىنگتوندىن چۈشكەن رەسمىي يولىيورۇقتا، ئۇلارنىڭ دەرھال «قويۇپ بېرىش»كە تۇتۇش قىلىشى ئەمەس، بەلكى «قويۇپ بېرىشكە تەييارلىق كۆرۈشى» ئېيتىلغاندى. بۇ، ئەمەلىيەتتە پۇرسەتنى ئاۋۋال دېڭىز ئارمىيىسىگە بەرگەنلىك بولۇپ، ئەگەر ئۇلار «ئاۋانگارت» ناملىق سۈنئىي ھەمراھنى قويۇپ بېرەلمىسە، ئاندىن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدۇ، دېگەنلىك ئىدى. بلاۋئېر بىلەن گېنېرال بۇنىڭدىن ناھايىتى بەك غەزەپلەندى، چۈنكى بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇلارغا بىر يىل ۋاقىت بەرسىمۇ ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئاچىقالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن ئۇزاق ۋاقىت مۇزاكىرە قىلىپ، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا بېسىم ئىشلىتىپ، سۈنئىي ھەمراھ ياساش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنى قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە پاراڭلاشتى. بلاۋئېرنىڭ قارىشىچە، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئەمەلىيەتتە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى باشقۇرۇلىدىغان بومبا

ئىدارىسىنى ئۆزلىرىنىڭ داڭلىق كوزىرى، كۇبىت — C تېپلىق راكېتانى بولسا ئىشەنچ ۋە ھاياتلىق يۇلتۇزى دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ يولىيورۇقى مۇناسىۋەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش بولۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلار يەنىلا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىدارىسىگە تايىناتتى. ئەگەر دېڭىز ئارمىيىسى بلاۋئېرلاردىن تېخنىكا سورىسا، ئۇ ھالدا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ سۇنئىي ھەمراھنى قويۇپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى ـ دە، دەرھال پىلاننى ئۆزگەرتىپ باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىدارىسىدىن ياردەم سورايتتى. شۇڭا، بلاۋئېر ھازىرقى ئەڭ ياخشى تاللاش ئىستېپا بېرىش، پەقەت مېدارىس بىلەن ئىككىمىز ئىستېپا بېرىمىز دەپ ئىلتىماس سۇنساقلا، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى پىلاننى ئۆزگەرتىدۇ، دەپ ئويلىدى. گېنېرال مېدارىس ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىش ئارقىلىق ئاغزاكى تېلېگراما يوللاپ، ئەگەر دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى قۇرۇقلۇق ئارمىيە باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىدارىسىنىڭ سۇنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش ئىلتىماسىنى تەستىقلىمىسا، دوكتور فون بلاۋئېر بىلەن مەن ۋەزىپەمدىن ئىستېپا بېرىمەن! دېدى. بلاۋئېر ناھايىتى زور تەۋەككۇلچىلىك قىلدى. بىراق، ئۇنىڭ ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلىنىپ، سۇنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

بلاۋئېر قويۇپ بەرمەكچى بولغان ئامېرىكىنىڭ تۇنجى يەر شارى سۇنئىي ھەمراھىنىڭ ئىسمى «ئېكسپېدىتسىيىچى» ئىدى. بۇ، ئىلىم ـ پەن سۇنئىي ھەمراھى بولۇپ، ئۇنىڭغا قاپقاقلىق ھېسابلىغۇچ بىلەن ئۈچۈر تارقىتىش ئاپپاراتى قاچىلانغان بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق ھاۋا بوشلۇقىدىكى رادىئاتسىيە ۋە ئالەم بوشلۇقىدىكى نۇرلار تەتقىق قىلىناتتى. ئۇنى يېئاۋار ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور ۋان ئاللېن كەشىپ قىلغانىدى، بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىدارىسىنىڭ ئۇنىڭ ئۆلچەملىك

ئەسۋابىنى «ئاۋانگارت» ناملىق راكېتاغا قاچىلاپ ئۇنى يەر شارى ئوربىتىسىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئاڭلىغاندا، ئۇ ناھايىتى ھاياجانلانغان. بىراق، «ئاۋانگارت» ناملىق راكېتا ئۇدا بىرنەچچە رەت مەغلۇپ بولغانىدى. ھازىر، ئۇ بلاۋئېرنىڭ ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم قىلىشىغا تەقەززا بولدى.

C ــ «ئېكسپېدىتسىيىچى» ناملىق سۈنئىي ھەمراھ كۆيىت ناملىق راكېتا ئارقىلىق قويۇپ بېرىلەتتى. ئۇ بىر خىل كۆپ قۇتۇپلۇق راكېتا ئىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى قۇتۇپى ئۆزگەرتىلگەن قىزىل ياقۇت راكېتاسى ئىدى، ئىككىنچى قۇتۇپىدا 11 دانە كىچىكلىتىلگەن «ئوتتۇرا شەكىللىك» ماتوردىن تەركىب تاپقان راكېتا؛ ئۈچىنچى قۇتۇپىدا ئۈچ دانە «ئوتتۇرا شەكىللىك» ماتوردىن تەركىب تاپقان راكېتا، تۆتىنچى قۇتۇپىدا بىر دانە «ئوتتۇرا شەكىللىك» ماتوردىن تەركىب تاپقان راكېتا بار ئىدى. «ئېكسپېدىتسىيىچى» ناملىق سۈنئىي ھەمراھ تۆتىنچى قۇتۇپىنىڭ يان تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

كۆيىت ــ C تىپلىق راكېتانى ئۆزگەرتىپ سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىشكە لايىقلاشتۇرۇش خىزمىتى ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە جاپالىق خىزمەت ئىدى. نۇرغۇن چىگىش مەسىلىلەر بلاۋئېرنىڭ ھەل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. مەسىلەن، قىزىل ياقۇت راكېتانىڭ ماي ساندۇقىنى چوڭايتىش ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ يېقىلغۇ قاچىلاش؛ سۇيۇق يېقىلغۇنىڭ ئورنىغا ئىسپىرت ئىشلىتىش، ماي ساندۇقىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ماتېرىيالىنى ئۆزگەرتىش؛ قىزىل ياقۇت راكېتانىڭ ئالدىنقى قىسمىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى ياسالغان يۇقىرى سۈرئەتلىك پىرقىرىتىپ قويۇپ بېرىش ئۈسكۈنىسىنى مۇستەھكەم بېكىتىش قاتارلىقلار ئىدى. يېقىلغۇنىڭ كۆيۈش ۋاقتىنى بىرنەچچە سېكۇنت ئۇزارتقان بولغاچقا، باشقا قۇتۇپتىكى راكېتالارنىڭ زاپچاسلىرىنىمۇ ئاز ــ تولا ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلدى. ۋەزىپە ئېغىر، ۋاقىت قىس

بولغاچقا، بلاۋئېر ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 3200 چە ئالىم، ئىنژېنېرلار كېچە ـ كۈندۈز ئىشلىدى، ئۇ بەزى كۈنلىرى كۈنلەپ ئۆيىگە قايتمىدى. 10 نەچچە سائەتتە بىر قېتىم ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى.

90 كۈن جىددىي ھالەتتە ئۆتۈپ كەتتى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئەھۋال ئۇقۇشۇش ئۈچۈن بلاۋئېرغا تېلېفون بەردى.

— ھەممە ئىشلار جايىدا، ھېچقانداق چاتاق يوق، ئۇنى فلورىدادا قويۇپ بېرەيلى، — دېدى بلاۋئېر ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا.

1958 ـ يىلى 31 ـ يانۋار فلورىدا شىتاتىنىڭ كاناۋېرال تۇمشۇقىدا غايەت زور كۈيىت — C تىپلىق راكېتا ئاسمانغا قارىتىپ تىكلەپ قويۇلغانىدى. راكېتانىڭ سۈت رەڭلىك قاپقىقى كۆمۈشتەك يالتىرايتتى. بارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرى تولۇق پۈتكەن بولۇپ، راكېتا قويۇپ بېرىش مەيدانىدىكىلەر پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ئوت ئالدۇرۇش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇراتتى، ۋاشىنگتوندىكى بەش بۇرجەكلىك بىنادا ئولتۇرغان بلاۋئېر ناھايىتى جىددىيلەشكەن بولۇپ، يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنىمۇ ئاڭلاپ ئولتۇراتتى.

تەتۈر ۋاقىت ھېسابلاش ۋاقتى باشلاندى: 3، 2، 1 ئوت يېقىڭلار ! دەپ بۇيرۇق بەردى قوماندان.

راكېتانىڭ قۇيرۇقىدىن سۈس قىزىل يالقۇن كۆتۈرۈلدى، ئۇ راكېتانى ئېلىپ ئاستا ـ ئاستا ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، ئۇ خۇددى ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتقا ئوخشايتتى. راكېتا 157 سېكۇنت ئۇچتى. بىرىنچى قوزغاتقۇچتىكى ئوت ئۆچتى. راكېتا يەنە ئايلىنىپ 90 سېكۇنت ئۇچتى ھەمدە ئۇچۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ يەردىن 360 كىلومېتىر ئېگىزلىككە چىقتى. 247 سېكۇنت ئۇچقاندىن كېيىن ئىككىنچى قوزغاتقۇچتىكى راكېتا ئوت ئالدى، ماتور ئوت ئېلىپ 6.5 سېكۇنتتىن كېيىن، ئۈچىنچى

قوتۇپتىكى راكېتا ئوت ئالدى. 7 يېرىم مىنۇتلاردىن كېيىن تۆتىنچى قوتۇپتىكى راكېتا ئوت ئالدى. راكېتا سائەتتىكە 28 مىڭ 800 كىلومېتىر ئۇچۇش سۈرئىتى بىلەن ئۇچتى ۋە سۈنئىي ھەمراھ بىلەن راكېتا پارچىلىنىپ چەكسىز بوشلۇقلار ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى.

بەش بۇرجەكلىك بىنادا ئولتۇرغان بلاۋئېر ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇزاق سەككىز مىنۇتنى ئۆتكۈزدى. ئۇ تام سائىتىنىڭ چېكىلدىغان ئاۋازىغا، تېلېگراممىا ئاپپاراتىنىڭ تىتىلىغان ئاۋازىغا، ھاشاراتلارنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازىغا جور بولۇپ بۇ زېرىكىشلىك سەككىز مىنۇتنى ئۆتكۈزدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باشلىقى بىلەن بىرنەچچە گېنېرالمۇ بلاۋئېر بىلەن بىرلىكتە سۈنئىي ھەمراھنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئېيزىنخاۋېرمۇ جىددىيلەشكەن ھالدا قارتا ئويىنىغاچ دۇنياغا: «بىز تۇنجى سۈنئىي ھەمراھنى قويۇپ بەردۇق!» دەپ جاكارلاشنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

غەلىبە خەۋىرى بەش بۇرجەكلىك بىناغا يېتىپ كەلگەندە، بلاۋئېرنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، ئۇ قولياغلىقىنى چىقىرىپ پېشانىسىنى سۈرتتى. ئارقىدىن ھېسابلاپ قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ باشلىقىغا ۋە گېنېراللارغا مۇنداق دېدى:

ـــ سۈنئىي ھەمراھ ئۇچۇپ 106 ـ مىنۇتتا كالىفورنىيە شتاتىنىڭ ئاسمىنىدىن ئۆتىدۇ. سان دېيېگودىكى ئاينى كۆرسىتىش پونكىتىدىكىلەرگە خەۋەر قىلىپ قويايلى، تەييارلىق كۆرۈپ قويسۇن. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 12 دىن 14 مىنۇت ئۆتكەندە «ئېكسپېدىتسىيىچى» ناملىق سۈنئىي ھەمراھتىن تىتىلىغان ئاۋاز كەلدى. سائەت 12 يېرىمدىن ئاشتى. دوكتور پېككېرىنگ سان دېيېگوغا تېلېفون بەردى، بۇ چاغدا سائەت 12 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەنىدى.

ـــ سۈنئىي ھەمراھتىن كەلگەن ئاۋازنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ـــ سورىدى ئۇ.

— ياق ئەپەندى، — دېدى قارشى تەرەپ.

بلاۋئېر سائىتىگە قارىدى، ئۇنىڭ لوما سائىتىنىڭ ئىستىرېلكىسى تەستە مېڭىۋاتاتتى، 12 دىن 41 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى.

— سۇنئىي ھەمراھنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — يەنە سورىدى پىككېرىنگ.

— ياق ئەپەندى، — دېدى قارشى تەرەپ. تېلېفون تۇرۇپكىسىغا قاراپ تۇرغان بلاۋئېرنى تىترەك باستى.

يەنە ئىككى مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى، ھېچقانداق شەپە بولمىدى. باشلىقنىڭ تاقىتى تاق بولدى. باشقا گېنېراللارمۇ پۇتى بىلەن پولنى تاراقلىتىپ ئولتۇراتتى. باشلىق بۇرۇلۇپ بلاۋئېرغا قارىدى ـ دە، پەس ئاۋازدا:

— بۇ نېمە ئىش ؟ — دەپ سورىدى. بىراق بلاۋئېر ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، كۆزىنى تېلېفوندىن ئۈزمەي قاراپ تۇردى.

بىر ئازدىن كېيىن پىككېرىنگ:

— ۋېيتېر، ئۇلار ئاڭلاپتۇ، ئاڭلاپتۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى.

گېنېراللار گۈررىدە كېلىپ بلاۋئېر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ باشلىقىمۇ بلاۋئېرنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى. يىراقتىكى زوڭتوڭ ئېيزىنخاۋېر بولسا ئالدىدىكى مىكروفوننى قولىغا ئېلىپ:

— ئامېرىكا تۇنجى سۇنئىي ھەمراھنى ئوڭۇشلۇق ھالدا يەر شارى ئوربىتىسىغا كىرگۈزدى، بۇ بىزنىڭ خەلقئارا يەر شارى فىزىكا يىلىغا قاتناشقانلىقىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، — دەپ جاكارلىدى. زوڭتوڭنىڭ ئىنتوناتسىيىسىدىن ئۇنىڭ چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەنلىكى ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

دوكتور بلاۋئېر مىللىي قەھرىمانغا ئايلىنىپ، ئامېرىكىغا شەرەپ كەلتۇردى، ئەركىن دۇنياغا ئىشەنچ بەخش ئەتتى. «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلى ئۇنىڭ چوڭايتىلغان سۈرئىتىنى باستى.

زۇڭتۇڭنىڭ بلاۋئېرغا «ئامېرىكا پۇقرالىرىغا مۇلازىمەت قىلىش مۇكاپاتى» بەرگەنلىكى تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلدى. بلاۋئېر خونچۇېرلىقلار پىششىق بىلىدىغان گېرمانىيىلىك كىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئامېرىكا، پۈتۈن دۇنيا بىلىدىغان ئامېرىكىلىق قەھرىمانغا ئايلاندى، ئۇ سۈنئىي ھەمراھنى ئالەمگە ئەكىرىپ، ئۆز تارىخىنى يېزىپ قالدۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكەت ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى باب «ساتۇرن» ناملىق راكېتانىڭ دۇنياغا كېلىشى

ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمراھىنى ئوچۇشلۇق قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالەم سانائىتىدىكى رىقابىتى رەسمىي باشلاندى. ئامېرىكا ئەمدى چوڭ تىپتىكى راكېتا ياسىمىسا بولمايتتى. سوۋېت ھەمراھ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئالەم تېخنىكىسىنى قانداق ۋە قانچىلىك دەرىجىدە قىلىش توغرىسىدا ھېچقانداق يولىيورۇق چۈشۈرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بىلاۋئېر چوڭقۇر ئويلىنىپ، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىدارىسى تىرىشىپ چوڭ تىپتىكى ئالەم قاتنىشى قورالىنى ياساپ چىقىش كېرەكلىكىنى قىياس قىلدى.

كۆپىت ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، بىلاۋئېر رەھبەرلىكىدىكى خۇنچۇۋېر راكېتا بەنزىسىدىكىلەر چوڭ تىپتىكى راكېتا ماتورى روكدائىن — E1 بىلەن چوڭ تىپتىكى راكېتا «ساتۇرن»نى جىددىي تەتقىق قىلىپ ياساشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ پىلانى بويىچە بولغاندا، روكدائىن ناملىق ماتورنىڭ ئىتتىرىش كۈچى 150 مىڭ كىلوگرام ئەتراپىدا بولسا كۇپايە ئىدى. بىراق، يېڭى ۋەزىيەت بۇنىڭغا يەنە يېڭىچە تەلەپلەرنى قويدى، كەلگۈسىدىكى ئالەم سانائىتى رىقابىتىدىن قارىغاندا 450 — 700 مىڭ كىلوگرام ئىتتىرىش كۈچىگە ئىگە بولمىسا بولمايتتى. بىراق، خىراجەت قىس بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى يەنە باشقا تەتقىقات پىلانى چۈشۈرمىدى، 450 — 700 مىڭ كىلوگرام ئىتتىرىش كۈچىگە ئىگە ماتور ياساش ۋە يۇقىرى ئىقتىدارلىق

«ساتۇرن» ناملىق راكېتا ياساشقا يەنە نۇرغۇنلىغان يىللار كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر تۆت دانە روكدائىن ماتورىنى بىرىكتۈرۈپ 450 ــ 700 مىڭ كىلوگرام ئىتتىرىش كۈچىگە ئىگە ماتورنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى، روكدائىن ماتورىنىڭ ئىشى ئەمدىلا باشلانغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان بلاۋئېر سەككىز دانە كۈيىت ماتورىنى بىرىكتۈرگەندە تەلەپتىكى ئىتتىرىش كۈچىگە يەتكىلى ھەم راكېتانىڭ بىخەتەر، ئىشەنچلىك ئۇچۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن تەكلىپنى بەردى.

بلاۋئېر چوڭ تىپتىكى «ساتۇرن» ناملىق راكېتانى جىددىي تەتقىق قىلىۋاتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى 1958 ـ يىلى 15 ـ ماي 4 ـ نومۇرلۇق سۈنئىي ھەمراھنى ئوڭۇشلۇق قويۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 1350 كىلوگرام بولۇپ، يېقىندا ئامېرىكا قويۇپ بەرگەن «ئېكسپېدىتسىيىچى» ناملىق سۈنئىي ھەمراھنىڭ ئېغىرلىقىدىن 200 ھەسسە ئارتۇق. بۇ ئامېرىكىغا نىسبەتەن قاتتىق مەسخىرە ھەم كۈچلۈك تەسىر قوزغاتقۇچ ئىدى. 1958 ـ يىلى 18 ـ ئىيۇل دۆلەت ۋە زۇڭتۇڭ ئالەم سانائىتى ئىدارىسى قۇرۇشنى رەسمىي تەستىقلىدى ھەمدە ئامېرىكا ئالەم ئىشلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى قارار قىلدى. ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن «مېركۇرىي پىلان» نى تەستىقلىدى، بۇنىڭدىن مەقسەت، بىر ئامېرىكىلىقنى ئالەم بوشلۇقىغا چىقىرىش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ تىپلىق توشۇغۇچى راكېتا ياساش ھەممىدىن مۇھىم بولۇپ قالدى. بلاۋئېر قاتارلىقلار «روكدائىن ــ E1 ماتورى» ۋە «ئالەم ــ 2» ناملىق راكېتانى جىددىي تەتقىق قىلىپ ياساپ، ئادەمنى ئالەم بوشلۇقىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئاساس سېلىشقا كىرىشتى.

خونچۈېر باشقۇرۇلىدىغان بومبا مەركىزى يەنىلا «ئېكسپېدىتسىيىچى» ناملىق سۈنئىي ھەمراھنى قويۇپ بېرىش خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولىۋەردى، 1958 ـ يىلىدىن 1959 ـ

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

يىلىغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتە دانە سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىرى مەغلۇپ بولدى. قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بۇ سۈنئىي ھەمراھلار يەر شارىنىڭ ئەتراپىدىكى رادىئاتسىيە بەلۋېغىنى بايقاپ، يەر شارىنىڭ فىزىكا ئىلمىنى مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. «ئېكسپېدىتسىيىچى — 7» ناملىق سۈنئىي ھەمراھنىڭ ئېغىرلىقى 40 كىلوگرام بولۇپ، يېڭى تىپتىكى راكېتا «ئالەم — 2» ئارقىلىق قويۇپ بېرىلەتتى. ئۇنىڭدىكى ئۆلچىگۈچ ئەسۋابلار يەتتە خىلدىن كۆپ ئىدى.

چوڭ تىپتىكى راكېتا مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، بلاۋئېر تاشقى پلانېتىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. 1958 - يىلى دېكابىردا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىدارىسى گاز پۈركۈش تەجرىبىخانىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «ساما — 2» ناملىق راكېتانى تۇنجى قېتىم ئايغا چىقىرىپ سىناق قىلدى. ئۇنىڭدىكى ئالەم ئۇسكۇنىلىرى «پېشۋا — 3» دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلار بۇ راكېتانى ئايغا چىقىرىشنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ سۈرئىتى مۆلچەردىكىدىن ئۈچ پىرسەنت ئاستا بولۇپ، ئايغا چىقالمىدى، نەتىجىدە ئۇ ئاينى كۆزىتىش ئەسۋابىغا ئايلىنىپ قالدى. بىراق، «پېشۋا — 3» ناملىق راكېتا 100 مىڭ كىلومېتىر ئېگىزلىكتىكى بوشلۇققا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇ يەردە رادىئاتسىيىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ ئىلىم - پەندىكى زور ئۇتۇق ئىدى. 1959 - يىلى مارتتا ئۇلار ئىككىنچى قېتىم سىناق قىلدى. «پېشۋا — 4» ناملىق راكېتا ئايغا قويۇپ بېرىلدى. تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. «پېشۋا — 4» ناملىق راكېتا 60 مىڭ كىلومېتىر ئارىلىقتا ئاي شارىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن قۇياشنى ئايلىنىدىغان مەڭگۈلۈك پلانېتا بولۇپ قالدى.

1958 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ بلاۋئېر ئالەم بوشلۇقىغا ھاياتلىق قاچىلانغان ئالەم ئەسۋابىنى قويۇپ بەردى. ئۇ تۇنجى قېتىم كۇبىت ناملىق راكېتا ئارقىلىق ئىچىگە بىر

تىرىك مايمۇن قاچىلانغان ساندۇقنى قويۇپ بەردى. يىراقتىن كۆزىتىش ئەسۋابى ئارقىلىق مايمۇننىڭ نەپەس ئېلىش رىتىمى، يۈرەك سوقۇشى، بەدەن هارارىتى ۋە يۈرەك ئەھۋالى قاتارلىق ماتېرىياللار يەر يۈزىگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئىش بىئولوگىيە ئىلمىدە زور رول ئوينىدى. ئالەم ئۇسكۇنىسى يەر شارىغا قايتىپ كەلدى ۋە دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇنى قايتۇرۇۋالغۇچە ئۇ دېڭىزغا چۆكۈپ بولغانىدى. 1959 ـ يىلى مايدا بلاۋئېر يەنە بىر قېتىم سىناق قىلدى. بۇ قېتىم ئۇ ئالەم ئەسۋابىغا ئىككى دانە مايمۇن قاچىلىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە باشقا هايۋانلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنىمۇ قاچىلىدى. ئىككى مايمۇن ئالەم بوشلۇقىغا چىقىرىلدى، قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ناهايىتى ياخشى بولدى.

1959 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىدارىسى دۆلەت ئالەم سانائىتى ئىدارىسىگە قارايدىغان بولدى. بلاۋئېر بۇ ئىدارىدە تەكلىپ بىلەن ئىشلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بۇ ئىدارىنىڭ توشۇغۇچى قوراللىرىنى ئېچىش، بولۇپمۇ چوڭ تىپلىق راكېتا ياساپ، ئالەم سانائىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئىدى. بلاۋئېر ئالەم سانائىتى ئىدارىسىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن جورجى C مارشال ئالەم سانائىتى مەركىزىنىڭ مۇدىرلىقىغا قويۇلدى. يەنە خونچۋىر مەركىزىنىڭ مۇدىرى بولدى، بۇ ئىسمىنى هۆكۈمەت ئۇلۇغ گېنېرال، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى، نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى مارشالنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يېقىندىلا قويغانىدى.

ئۇلار ئالەم سانائىتى ئىدارىسىگە قارىغاندىن كېيىن، بلاۋئېر هاياتىدا تۇنجى قېتىم يېتەرلىك پۇلغا ئېرىشىپ، ئالەم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇ بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشاللاندى. 1959 ـ يىلى هۆكۈمەت تۇنجى قېتىم 140 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بېرىشكە قوشۇلدى، ئارقىدىن

ئىدارە باشلىقى زۇڭتۇڭنى قايىل قىلىپ، بلاۋئېرغا 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ھەل قىلىپ بەردى. بلاۋئېر ئەمدى چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلالايدىغان بولدى. ئۇ بىر كەسپىي خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ناھايىتى تېجەشلىك بولۇپ، ئازغىنە پۇل بىلەن كۆپ ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشتى، كېڭەش پالاتاسى ئالەم كومىتېتىدىكىلەر ئۇنىڭدىن يەنە پۇل ئاجرىتىپ بېرەمدۇق، قانداق؟ دەپ سورىغاندا، بلاۋئېر سەمىمىيلىك بىلەن، پۇل يېتىدۇ، پۇل كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ تەتقىقات سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى بولمايلا قالماي، ئىسراپچىلىق كېلىپ چىقىدۇ ، دەپ جاۋاب بەردى.

1959 ـ يىلى بلاۋئېر ئاساسلىق زېھنىنى «ساتۇرن» ناملىق راكېتانى ياساشقا سەرپ قىلدى. بۇ بىر خىل چوڭ تىپلىق راكېتا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىتتىرىش كۈچى قىزىل ياقۇت، كۈبىت قاتارلىق راكېتالارنىڭكىدىن كۈچلۈك ئىدى. «ساتۇرن» ناملىق راكېتانىڭ بىرىنچى قۇتۇپىنى بلاۋئېر ئۆزى تەتقىق قىلىپ ياسىغان، باشقا بىرنەچچە قۇتۇپلىرىنىمۇ ئۇ پىلانلىغان ھەمدە سانائەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ ئىچىشىغا تاپشۇرغانىدى.

«ساتۇرن» ناملىق راكېتا ئالەم بوشلۇقىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشتا تولىمۇ زۆرۈر ئىدى ھەم ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئالەم رىقابىتىدىكى زور دو تىكىش ئىدى. 1959 ـ يىلى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئالەم بوشلۇقىنى كۆزىتىدىغان سۈنئىي ھەمراھنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بەردى. بىراق، ئامېرىكىنىڭ «پېشۋا ــ 4» ناملىق راكېتاسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئاي شارى سۈنئىي ھەمراھى ــ 1» ناملىق راكېتاسىغا قارىغاندا، تېخىمۇ يىراق ئۇچىدىغان بولسىمۇ، بىراق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئاي شارى سۈنئىي ھەمراھى» ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ توشۇش مىقدارى بىر تونىنا، ئۇنىڭ ئىتتىرىش كۈچىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، سوۋېت

ئىتتىپاقى راكېتا تېخنىكىسىنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئالەمنى تەجرىبە قىلىشتىن مەقسەت ئادەمنى ئالەم بوشلۇقىغا ئاچىقىش ئىدى. ئادەمنى كىچىكلەتكىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىتتىرىش كۈچى كۈچلۈك بولغان «ساتۇرن» ناملىق راكېتانى ياساشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور ئىدى، ئامېرىكىنىڭ ئالەم بوشلۇقى رىقابىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېتىشىۋېلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشتىكى ئۈمىدى دەل شۇنىڭدا ئىدى.

«ساتۇرن» ناملىق راكېتانى ياساشتا، بلاۋئېر ماتور گۇرۇپپىسى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇلار كۆپ ماتورلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇراشتۇرۇپ پىلاندىكى ئىتتىرىش كۈچىگە تەڭلەشتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق قىلىش تەتقىقات ۋاقتىنى قىسقارتىپ، راكېتانىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى ئاشۇردى. چۈنكى، ئەگەر راكېتا ماتورىنىڭ بىرسىدىن ياكى ئىككىسىدىن كاشىلا كۆرۈلسە باشقىلىرى ئالدىن مۆلچەرلەنگەن نىشانغا بارغۇچە نورمال ئىشلەۋېرەتتى.

1961 ـ يىلى «ساتۇرن» ناملىق راكېتا ئوڭۇشلۇق ياسىلىپ چىقىلدى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 70 مېتىر بولۇپ، ھەقىقىي بىر گىگانت نەرسىگە ئوخشايتتى. ئۇنى كاناۋېرال تۇمشۇقىغا يۆتكەپ ئاپىرىش بىر مەسىلە ئىدى. بلاۋئېر كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن راكېتانى توشۇشتا تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار ھەرىكەتنى قوللىنىشنى قارار قىلدى. ئۇلار «ساتۇرن» ناملىق راكېتانى چوڭ پاراخوتقا قاچىلاپ تېنىېسسى دەرياسى، ئوھىئو دەرياسىدىن ئۆتۈپ مىسسىسىپى دەرياسىغا كىردى، ئاندىن مىسسىسىپى دەرياسى ئېغىزى ئارقىلىق مېكسىكا قولتۇقىغا كىردى، ئۇلار 10 نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، ئاخىر كاناۋېرالغا يېتىپ كەلدى. نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلىك سەپەرنى بېسىپ راكېتا بىخەتەر يۆتكەپ كېلىندى، راكېتاغا ئوت تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، سائىتىگە 25 مىڭ كىلومېتىرلىق

سۈرئەت بىلەن ئۈچۈپ يېڭى رېكورت ياراتتى، «ساتۇرن» ناملىق راكېتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

سەككىز يىل جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق، 700 مىڭ كىلوگرام ئىتتىرىش كۈچىگە ئىگە روكدائىن — F1 ناملىق ماتور تەتقىق قىلىپ ياسالدى. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، غايەت زور ئىتتىرىش كۈچىگە ئىگە روكدائىن — F1 ناملىق تاق ماتورنىڭ بولۇشى بىلەنلا ئىش تالڭ ئاتمايتتى، يېڭى تىپتىكى راكېتاغا روكدائىن ناملىق ماتورلار گۇرۇپپىسىنى قۇراشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بلاۋئېر «ساتۇرن» ناملىق راكېتانى ئۆزگەرتىپ ياساشقا كىرىشتى. مەسىلەن، «ساتۇرن — B1» ۋە «ساتۇرن — 5» لارغا روكدائىن — F1 ماتورلار گۇرۇپپىسى ئىشلىتىلەتتى.

سۇنئىي ھەمراھ ئۇچۇشلۇق قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، بلاۋئېرنىڭ نامى ئەلگە تارىلىپ، ئۇ داڭلىق ئەربابقا، شۇنداقلا ئىجتىمائىي پائالىيەتچىگە ئايلاندى. بلاۋئېر داڭلىق ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق مەسىلە بولغان ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش مەسىلىسىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. ئەينى چاغدا ئامېرىكىدا مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىلمەيتتى، ياشلار - ئۆسمۈرلەر كۆپ ۋاقتىنى تېلېۋىزور كۆرۈش، رومان ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتەتتى، ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەنگە قىزىقىشى ناھايىتى سۇس بولۇپ، ئىلىم - پەن بىلىملىرىمۇ ناھايىتى يېتەرسىز ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى سۇنئىي ھەمراھنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، بەزىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەر كۈنلۈك ئۆگىنىش ۋاقتى ئامېرىكا ياشلىرىنىڭكىدىن ئۈچ - تۆت سائەت كۆپ ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلىم - پەن تەربىيىسى قوبۇل قىلىدىكەن. ئاساسىي بىلىممۇ ناھايىتى پۇختا ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىلىمگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۆگىنىشكە ئىلھام بېرىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات بار ئىكەن.

ئۇلار ئالىملارنى جەمئىيەتنىڭ تۈۋرۈكى، مىللەتنىڭ قەھرىمانى دەپ قارايدىكەن، دېيىشتى. بلاۋئېر بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ئامېرىكىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى، ئالىملار ۋە ئىنژېنېرلارنى تېزدىن يېتىشتۈرۈش، بالىلارنىڭ ئىلىم ـ پەنگە قىزىقىشىنى قوزغاشنى مۇراجىئەت قىلدى.

بلاۋئېر مائارىپ، تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تەڭ تەكشۈردى ۋە ئاقىلانىلىك بىلەن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىر دۆلەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرى شۇ دۆلەتنىڭ ئىلىم ـ پەن سەۋىيىسىگە ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك؛ مائارىپ ئوبدان تۇتۇلمىسا مىللەت چوقۇم ئارقىدا قالىدۇ. دۇنيادىكى رىقابەتتە شاللىنىپ قالىدۇ. ئۇ دۆلەت مەجلىسىگە مۇنداق تەكلىپ بەردى: دۆلەت مائارىپ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇشى، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇت ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئېچىشى، ئامېرىكا ياشلار ـ ئۆسمۈرلىرىنى ئۇزاق مەزگىل مائارىپ تەربىيىسىگە ئىگە قىلىشى كېرەك. بلاۋئېر دائىم پارلامېنت ئەزالىرىغا كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشتا ئەسكەرلەر مىلتىقتا تايىنىپلا جەڭ قىلمايدۇ، بەلكى ھېسابلىغۇچ ئارقىلىق جەڭ قىلىدۇ. بىر ئادەم مائارىپ تەربىيىسىگە ئىگە بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ. فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى ھەر يىلى نەچچە مىليارد دوللارلاپ پېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىۋاتىدۇ، ئوخشاشلا ئاشۇنچىلىك مەبلەغ ئارقىلىق مائارىپقا ياردەم بېرىش كېرەك، مېنىڭچە ئامېرىكا ياشلىرىمۇ ئەڭ مۇھىم زىرائەت دەيتتى.

بلاۋئېر مائارىپقا ناھايىتى قىزغىن كۆڭۈل بۆلەتتى، خىزمىتى ئىنتايىن ئالدىراش بولسىمۇ، بىراق ۋاقتى ۋە پۇرسەت بولسىلا ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بېرىپ ئوقۇغۇچىلارغا دوكلات بېرەتتى ۋە ئامېرىكا ياشلىرىنىڭ ئىلىم ـ پەن چوققىسىغا ئۆرلىشىگە ئىلھام بېرەتتى. 60 ـ يىللاردا بلاۋئېر ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ

ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا نۇتۇق سۆزلەيدىغان شەخسكە ئايلاندى، كۆپلىگەن ياشلار ئۇنىڭدىن ئىلھام ۋە مەدەت ئالدى.

بلاۋئېر كونكرېت مائارىپ ئۇسۇلىغا قارىتا نۇرغۇن دانا پىكىرلەرنى بەردى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىر دۆلەتنىڭ مائارىپى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى كەڭ تۈردە قوبۇل قىلىشى، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە نەتىجىسىنى ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك. مائارىپتا بېكىنمىچىلىك قىلىشقا، ئۆز مەيلىچە ئىش كۆرۈشكە بولمايدۇ. ئۇ «ئامېرىكىچە مائارىپ» ئۇسۇلىغا ئۆچ بولۇپ، بۇنى قانۇنىيەتكە خىلاپ بولغان، ئىختىساسلىقلارنى ئىسراپ قىلىۋېتىدىغان ئۇسۇل دەپ قارايتتى. ئەگەر بارلىق مائارىپ خاس ئامېرىكىچە بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا تارىختا گرېتسىيە بىلەن رىمنىڭ، فىزىكىدا نيۇتون بىلەن چورنىڭ نېمە كېرىكى؟

بلاۋئېر تەبىئىي پەن مائارىپىنى ياقلايتتى. ئۇ مەكتەپلەر ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە پەنلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىشى، ئوقۇغۇچىلارمۇ پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ بۇ پەنلەرنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئىنسانلار تەرەققىياتىنا ئاساسلىقى تەبىئىي پەنگە تايىنىدۇ، بىر دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىمۇ تەبىئىي پەنگە باغلىق، بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن مۇنەۋۋەر تەبىئىي پەن ئىختىساس ئىگىلىرى بولمىسا بولمايدۇ، دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ ئامېرىكىدا مودا بولۇپ قالغان بەزى ئۇسۇللارنى تەنقىد قىلدى. ئۇ نۇرغۇن مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى پەقەت سۆزلىيەلەيدىغان، ئۇ ياقتىن، بۇ ياققا چېپىپ يۈرىدىغان قىلىپ تەربىيىلەشنى مۇھىم دەپ بىلىشى پۈتۈنلەي خاتا ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرسە جەمئىيەتكە ھېچقانداق پايدىسى تەگمەيدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە پەنلىرى ناھايىتى قىيىن پەن، ئۆگىنىشمۇ ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس، بىراق ئامېرىكا ياشلىرىدا چىدام، غەيرەت بولۇشى

كېرەك، ئۇلار قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ بۇ پەنلەرنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە نېمىشقا شۇنچە كۈچلۈك بولالىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، گېرمانىيىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاساسىي بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىگەنلىكىدە.

بلاۋئېر ئەمگەك تەربىيىسىنى تەشەببۇس قىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى مەلۇم ۋاقىت ئەمگەككە ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئوقۇغۇچىلار ئاساسىي تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتىنى ئىگىلىگەندە، ئۇلارنى تىرىشچان، ئىقتىسادچان، ئەمگەكنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلىگىلى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ياراملىق پۇقرا قىلىپ يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇ دائىم مۇنداق دەيتتى: ئوقۇغۇچىلار بىر جۈپ قولىنى ئىشقا سېلىشى كېرەك، «ئۇلار بىر كۈب مېتىر لايىنى يۆتكەشنىڭ ئۆزى بىر كۈب مېتىر ئەمگەككە باراۋەر ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، تەر تۆككەندە ۋە ئەمگەكنىڭ جاپالىقلىقىنى ھېس قىلغاندىلا» ئاندىن ئوقۇغۇچىلار بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلمايدۇ.

بلاۋئېر ئايرىم تەربىيىنى تەشەببۇس قىلاتتى، بەزى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوللېكتىپ تۇرمۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خۇسۇسىي ئۆگىنىشى ۋە ئىجادچانلىقىغا سەل قارىغانلىقىدىن تولىمۇ نارازى ئىدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى. بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىگە ماھىر بولۇشى، ئادەم ۋە شەيئىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشى مۇھىم ئەمەس، كىشىلەر ھەمىشە ئاددىي ـ ساددا ئادەملەرنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز پۈتۈن زېھنىنى ئىشقا سالىدىغان ئادەملەرنىڭ ئازلىقىنى، ھەتتا ئىجتىمائىي ئالاقىگە دىققەت قىلمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئازلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم ـ پېنى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

بلاۋئېر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشتىكى مەسئۇلىيىتىنى بەكرەك تەكىتلەيتتى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى، بىر ئادەم ئاتا ياكى ئانا بولسا ۋە ياكى ئاتا ـ ئانا بولماقچى بولسا، ئالدى بىلەن پەرزەنتلىرىنى قانداق تەربىيىلەشنى ئويلىشىشى، ئاتا ـ ئانىلىق مەسئۇلىيىتىنى پائال ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشنى بىلمەيدىغان، پەرزەنتلىرىگە زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بەرمەيدىغان ئاتا ـ ئانىلار لاياقەتلىك ئاتا ـ ئانا ھېسابلانمايدۇ. تەربىيە ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلىرىغا بولغان سۆيۈنۈشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى.

نۇرغۇن كىشىلەر ياخشى ئوقۇتقۇچى، ئېھتىياتچان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى ئادەم ۋە شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلەيدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى ئاسرايدىغان ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر دەپ قارايتتى. بلاۋئېر بۇنى ئومۇملىشىپ كەتكەن بىر تەرەپلىمە قاراش دەپ كۆرسەتتى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ياخشى ئوقۇتقۇچى، دەرسلەرنى ياخشى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچى بىر يىلدىكى 200 دىن ئارتۇق ئوقۇتۇش كۈنىدە 30 ئوقۇغۇچىغا بىلىم بېرىدىغان ۋە چۈشەندۈرىدىغان كىشى.

بلاۋئېر مائارىپنى چۈشەندۈرگەنلىكى ۋە زور تۆھپىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، 1958 ـ يىلىدىن كېيىن، نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەر ئۇنىڭغا مائارىپ ئىلمى بويىچە پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى بەردى، ئۇ دۆلەت مەجلىسى مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالدى. بلاۋئېر مەشھۇر ئىنژېنېر ۋە ئالىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى داڭلىق ئوقۇتقۇچى ۋە مائارىپچى ئىدى. ئۇنىڭ ئامېرىكا مائارىپىغا كۆرسەتكەن تەسىرى دەل ئۇنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئالەم سانائىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە ئوخشاش مول ۋە چوڭقۇر.

# ئون ئىككىنچى باب ئاي شارىغا تۇتاشقان يول

دۇنيا ئالەم قاتنىشى دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، ئىنسانلار تاشقى ئالەمدە پائالىيەت قىلىدىغان بولدى. 1961 ـ يىلى 12 ـ ئاپرېل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالەم ئۇچقۇچىسى يۇرى گاگارىن تۇنجى بولۇپ ئالەم كېمىسى بىلەن يەر شارىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۆتتى. بۇ دۇنيانىڭ ئالەم قاتنىشى دەۋرىگە كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

گاگارىننىڭ ئوڭۇشلۇق ئۇچقانلىقى، ئامېرىكىغا قاتتىق زەربە بولدى. ئامېرىكىلىق يۇقىرىلارنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالەم ساھەسىدىكى رىقابىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غايەت زور ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىشى بىلەن ئاخىرلاشقان. ئامېرىكا خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەسلىم بولغاندەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بلاۋئېر قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەرنى ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال قىلدى. مۇشۇنداق بولغاندىلا ھۆكۈمەت ئۇلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايتتى. ئالەم قاتنىشى پىلانىنى داۋاملىق ئىجرا قىلغىلى بولاتتى. چۈنكى، ئالەم سانائىتى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل كېتەتتى. بلاۋئېر كىنىندى ئالەم مەركىزىدە يىلىغا 1 مىليارد يۈەنگە يېقىن خىراجەت سەرپ قىلاتتى. ئۇ دائىم ئامېرىكىدىكى باج تاپشۇرغۇچىلار پۇلىنى مۇشۇنداق ئۇزۇلدۇرمەي بېرەلەرمۇ دەپ ئەندىشە قىلاتتى. بىراق، ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى ناھايىتى زور ئىلگىرىلەپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى، تەھدىت پەيدا بولدى. بەختەرلىك ئۈچۈن ئامېرىكا يۇقىرىلىرى مەردلىك بىلەن بىزنى قوللار بەلكىم، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئىش بىلاۋئېرنىڭ كۆتكىنىدەك بولدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەلىبىسىگە ئىنكاس قايتۇردى. 1961 ـ يىلى 25 ـ ماي زوڭتۇڭ كىننىدى دۆلەت مەجلىسىدە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئامېرىكا مۇشۇ 10 يىل ئىچىدە بىر ئامېرىكىلىقنى ئايغا چىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتنىڭ ئالەم سانائىتى رىقابىتىدە ئۆزئارا كېسەل غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

زوڭتۇڭ كىننىدى ئوتتۇرىغا قويغان ئايغا چىقىش پىلانىنى ئالەم قاتنىشى ئىدارىسىدىكىلەر يەنىمۇ مۇكەممەل ھالەتكە كەلتۈردى، بۇ ئامېرىكىنىڭ «ئاپوللو پىلانى» ئىدى. ئايغا چىقىش پىلانىنى ئورۇنداشتىن بۇرۇن، چوقۇم يەنە بىرنەچچە قېتىم ئالەم بوشلۇقىغا ئادەم چىقىرىش سىنىقى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلەتتى، بۇ «مېركۇري پىلانى» ۋە «جوپ يۇلتۇزلار پىلانى» ئىدى.

ئامېرىكىنىڭ ئادەم توشۇغۇچى ئالەم قاتنىشى پىلانى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈندى. ئۇلار مېركۇري پىلانى، قوش يۇلتۇز پىلانى ۋە ئاپوللو پىلانىدىن ئىبارەت بولۇپ، تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ، ئادەمنى يەر شارى ئوربىتىسىغا ئەكىرگەندىن باشلاپ تاكى ئايغا ئاچىققۇچە بولغان جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بىلاۋئېر قاتارلىق بىر بەنزە كىشىلەر باشتىن تارتىپلا بۇ پىلانغا قاتناشتى. دېمەك، ئۇلار بارلىق پىلانىنىڭ ئاساسلىق ئىجرا قىلغۇچىلىرى ئىدى.

مېركۇري پىلانى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈندى. بىرىنچى قەدەمدە قىزىل ياقۇت ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئادەمنى ئوربىتىغا ئاچىقاتتى، ئىككىنچى قەدەمدە كۆبىت ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئادەمنى تېخىمۇ يىراقتىكى ئوربىتىغا ئاچىقاتتى. ئۈچىنچى باسقۇچتا ئاتلاس ناملىق قىتئەلەر ئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئادەمنى يەر شارى ئوربىتىسىغا ئەكىرەتتى. بۇ سىناق

تەجرىبىسىدە ئادەمنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى پائالىيەت ئىقتىدارى ۋە ئېغىرلىقنى يوقاتقان ھالەتكە ماسلىشىشى ھەمدە ئۆزگەرتىپ ياسالغان راكېتانىڭ بىخەتەر قايتىپ كېلىش ئىقتىدارى تەكشۈرۈلەتتى.

بلاۋئېر مارشال مەركىزىدە يېڭىدىن ئالەم مەشىق مەركىزى قۇردى. ئۇ چوڭ سۇ ساندۇقى ياساپ، ئالەم ئۇچقۇچىسىنى سۇدا پائالىيەت قىلدۇردى، بۇنىڭدىن مەقسەت ئادەمگە سۇنىڭ لەيلىنىش كۈچىدىن پەيدا بولغان ئېغىرلىقنى يوقىتىش تەسىرىنى ھېس قىلدۇرۇش ھەمدە ئوكسىگېن تۇڭى بىلەن سۇ ئىچىدە ئۇسكۇنىلەرنى قۇراشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ئېغىرلىقنى يوقاتقان ئەھۋالدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇش ئىدى. بلاۋئېر ئۆزىمۇ ئالەم كىيىمى كىيىپ ئالەم خادىملىرى بىلەن ئۆزگەرتىش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلدى. ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ تاشقى پلانېتىدا كېرەك بولىدىغان نەرسە ـ كېرەكلىرى ئامېرىكىدىكى داڭلىق كارخانىلارنىڭ ياسىشىغا بېرىلدى.

ئالەم ماشىنىسىغا قارىتا، بلاۋئېر يېڭى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئادەم چۈشكەن ئالەم ماشىنىسى مايمۇن چۈشكەن ئالەم ماشىنىسىغا ئوخشىمايتتى، ئۇنى ئۇچقۇچى ھەيدەيتتى. ئالەم ماشىنىسى راكېتانىڭ باش قىسمىدا خەتەرگە ئۇچرىسا، مەسىلەن، راكېتانى قويۇپ بېرىشتىن بۇرۇن، قويۇپ بەرگەندە ۋە ئۇچۇش جەريانىدا كاشىلا كۆرۈلسە، ئۇ ئالەم ئۇچقۇچىسىنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن راكېتادىن بىخەتەر ئايرىلاتتى ۋە يەر شارىغا قايتىپ كېلىپ سۇغا چۈشەتتى.

مېركۇري پىلانى باشلانغاندىن تارتىپلا بىر قارارغا كېلەلمەي، ھېچقانچە ئىلگىرىلەش بولمىدى. دۆلەت ئالەم قاتنىشى ئىدارىسىنىڭ ئاپپاراتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىر ـ بىرىگە توسالغۇ پەيدا قىلاتتى. مېركۇري پىلانى تاشلىنىپ

www.uyghurkitap.com

قالدى. سىناق تەجرىبىسىمۇ ئوڭۇشلۇق بولمىدى. تاكى 1960 ـ يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە، بىرىنچى قېتىملىق قويۇپ بېرىش تەييارلىقى تاماملاندى.

1960 ـ يىلى 29 ـ ئىيۇل بىرنەچچە ئاي كەينىگە سۈرۈش ئارقىلىق، «مېركۇري ـ ئاتلاس» ناملىق ئالەم ماشىنىسى ئاسمانغا چىقىرىلدى. بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن، ئۇ بۇلۇتلار ئارىسىدا غايىب بولدى. بۇ قېتىمقى قويۇپ بېرىشنىڭ مەقسىتى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، قويۇپ بېرىش ھەمدە ئادەم چۈشمىگەن ساندۇقنى قايتۇرۇپ كېلىش ئارقىلىق قۇرۇلمىلارنىڭ مۇكەممەللىكى، ئۇچۇش ئالاھىدىلىكى، ئاتموسفېرا قاتلىمىغا قايتىپ كەلگەندىكى ئىسسىقلىقتا ئۇچراش ئەھۋالىنى بېكىتىش ھەمدە مېركۇري پىلانىغا قاتناشقانلارغا قويۇپ بېرىش ۋە قايتۇرۇپ ئەكېلىش مەشغۇلاتىنى پىششىق ئىگىلىتىش ئىدى.

ئالەم ماشىنىسى بۇلۇتلار ئارىسىدا غايىب بولۇپ بىر مىنۇتتىن كېيىن ئاتلاس ناملىق ئالەم ماشىنىسى يەر يۈزى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى يوقاتتى، مۇشۇ دەقىقىدە يېقىلغۇ ساندۇقىنىڭ بېسىمى نۆلگە چۈشۈپ قالدى. بۇ، ئاتلاس ناملىق راكېتانىڭ پارتلىمىغانلىقى، قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئۇچقۇ دېڭىز قىرغىقىغا يەتتە ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەردە سۇغا چۈشۈپ كەتتى ۋە ناھايىتى تېزلا سۇغا چۆكۈپ غايىب بولدى.

تۆت ئايدىن كېيىن، 1960 ـ يىلى 21 ـ يانۋار بلاۋېر يەنە بىر قېتىم سىناق قىلىپ قويۇپ بەردى. بۇ قېتىم قويۇپ بېرىلگەن «مېركۇري قىزىل ياقۇت ــ 1» ناملىق راكېتاغا ئادەم قاچىلاش ساندۇقى ئورنىتىلمىغانىدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دا قىزىل ياقۇت ناملىق راكېتاغا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئوت يېقىلدى، قويۇپ بېرىش جازىسىنىڭ ئەتراپىدىكى ھاۋا بوشلۇقىدا راكېتانىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى تارقىلىشقا باشلىدى. بلاۋېر مەشغۇلات ئۆيىدە قويۇپ بېرىش جەريانىنى كۆزىتىپ ئولتۇردى.

ئۇ بۇ راكېتانىڭ بىر ـ ئىككى مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپلا ئۇيان ـ بۇيان پۇلاڭلاپ قويۇپ بىرىش جازىسىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ماتورنىڭ ئوتى ئۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق ھېم قىلىنغان بۆلمە جىددىي قوزغىلىپ كۈچلۈك شاۋقۇن چىقىرىپ راكېتادىن 400 مېتىر نېرىدىكى يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

مېركۇري پىلانىنىڭ ئۇدا مەغلۇپ بولۇشى ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنى تازا خۇش قىلىۋەتتى. ئۇلار مەخسۇس بەت، ئىستون ئاجرىتىپ ئوبزور ئېلان قىلىشتى. بىراق، سىناق نەتىجىسىدىكى كاشىلا ۋە مەغلۇبىيەتلەرنى بلاۋئېر ناھايىتى كۆپ كۆرگەن بولۇپ، بۇنىڭغا كۆنۈك ئىدى. ئىلىم ـ پەن يولى ئەزەلدىن ئوڭۇشلۇق بولغان ئەمەس، ئىلگىرى ھەرقانداق بىر راكېتانى قويۇپ بېرىشتىمۇ نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلار يۈز بەرگەن. بىراق، بۇ ئەھۋال ئۇلاردىن يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ جاپالىق ئىزدىنىشنى، ئۆزىنى بېغىشلاشنى تەلەپ قىلاتتى، بلاۋئېرمۇ ئىلگىرىكىدەك تېخىمۇ ئېغىر بېسىمغا دۇچ كەلدى.

1960 ـ يىلى قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى، بىر يىلدىن كېيىن، بلاۋئېر سىناق تەجرىبىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. 1961 ـ يىلى مايدا قىزىل ياقۇت ناملىق راكېتا پولكوۋنىك شېپپادنى ئېلىپ ئالەم بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئامېرىكىدىكى تۇنجى ئالەم ئۇچقۇچىسى ئىدى. پولكوۋنىك شېپپارد ئوربىتىنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ 80 نەچچە سېكۇنتتىن كېيىن، ئۇ ئولتۇرغان بۆلمە قاتتىق سىلكىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى كونترول قىلالماي قالدى. ئۆلچىگۈچتىكى رەقەملەرنىمۇ كۆرەلمىدى. شۇ يىلى ئىيۇل يەنە بىر قىزىل ياقۇت نامىلىق راكېتا مايور گروزوننى ئېلىپ ئۇچتى، بۇ قويۇپ بېرىش ئوڭۇشلۇق بولۇپ، مايورنىڭ كەيپىياتىمۇ ناھايىتى ياخشى بولدى. ئۇچقۇ ئاتلانتىك ئوكيانىغا قوناي دەپ قالغاندا ھېم قىلىنغان بۆلمىنىڭ ئاغزى تۇيۇقسىز ئېچىلىپ كەتتى، ساندۇققا سۇ كىرىپ كېتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۆكۈشكە باشلىدى. بەختكە يارىشا قۇتقۇزۇش كېمىسى يېتىپ بېرىپ بولغانىدى. بىر تىك ئۇچار ئۇلارنى سۇدىن تارتىپ ئالدى. ئۇستۇۋىشى ھۆل بولۇپ كەتكەن مايور گروزون ئۇچقۇدىن ئاستا ئۆمىلەپ چىقتى.

1962 ـ يىلى يانۋاردا ئامېرىكا ئادەم توشۇغۇچى راكېتا سىنىقىنى باشلىدى. بۇ كۈنى گاگارىننىڭ يەر شارىنى ئايلىنىپ ئۇچقىنىغا نەق 10 ئاي بولغانىدى. نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلارنىڭ تاقىتى تاق بولغانىدى، ئۇچقۇچى گرېن ئاستا «مېركۇرىي ـ ئاتلاس» ناملىق ئۇچقۇغا چىقتى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قويۇپ بېرىش ئەھۋالىنى پۈتۈن مەملىكەتكە بىۋاسىتە ئۇلاپ تارقاتتى. تاماشىبىنلار تېلېۋىزور ئالدىدا ئۇلارغا بەخت ـ سائادەت تىلىدى. ئۇلارغا ئاتاپ دۇئا قىلدى. بىراق، گرېننىڭ ئالەم بوشلۇقىغا چىقىش ئىشى ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىدى، راكېتا تۆت قېتىم قوزغىلىپ توختاپ قالدى. تاماشىبىنلارنىڭ ئىچى تىتىلداپ ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. ئاخىر، راكېتانىڭ قۇيرۇقىدىن كۆكۈچ يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ ئاسمانغا ئۆرلەشكە باشلىدى، گرېن ئولتۇرغان ھەم قىلمىنغان بۆلمە ئوڭۇشلۇق ھالدا ئوربىتىغا كىردى، ئۇ يەر شارىنى ئايلىنىپ ئۈچ ھەپتە ئۇچقاندىن كېيىن غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدى.

1962 ـ يىلى 1 ـ سېنتەبىر كېننېدى زۇڭتۇڭ مارشال مەركىزىنى زىيارەت قىلدى. بلاۋئېر زۇڭتۇڭغا ھەمراھ بولۇپ، راكېتا قۇراشتۇرۇش سېخىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، زۇڭتۇڭغا ئالەم سانائىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. زۇڭتۇڭ بلاۋئېرنىڭ خىزمىتىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى ۋە ئايغا چىقىش ئەسۋابلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ئەھۋالىنى سەممىيلىك بىلەن سورىدى. قايتىدىغان چاغدا زۇڭتۇڭ بلاۋئېرنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ:

—— ئامېرىكىنىڭ ئالەم سانائىتى يولىنى ياساشتا پۈتۈنلەي سىز ئاپوللوغا تايىنىمىز، —— دېدى.

مېركۇري پىلانىدىكى ئاخىرقى قېتىملىق قويۇپ بېرىش 1963 ـ يىلى 15 ـ ماي ئېلىپ بېرىلدى، بلاۋئېر گودېخىن كوئوپېرنى ئالەم بوشلۇقىغا قويۇپ بەردى. «ئىشەنچ ــ 7» ناملىق راكېتا يەر شارىنى بويلاپ 22 ھەپتە ئۇچتى. ئاخىرقى قېتىملىق ئايلىنىشتا كوئوپېر ئېگىزلىكتە رەقەملەرنى ئوقۇيالماي قالدى. بىر قېتىم يول ئۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ ئاپتوماتىك تۇراقلاشتۇرۇش ۋە كونترول قىلىش سىستېمىسىنىڭ توكى ئۈزۈلۈپ قالدى. كوئوپېر يۇكسەك ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ھەم قىلىنغان بۆلۈمنى دېڭىز يۈزىگە قوندۇرۇۋالدى.

«مېركۇري پىلانى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، «جورا يۇلتۇز پىلانى» باشلاندى. بۇمۇ بىر ئادەم چۇشكەن ئالەم قاتنىشى ھەرىكىتىنىڭ بىرى ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ئۇچقۇچىسى تېخىمۇ يېڭى ۋە ئازادە، راكېتامۇ ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە چوڭ ئىدى. ئۇ ئامېرىكىنىڭ ئادەم توشۇغۇچى ئالەم قاتنىشى ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. بلاۋئېر «جورا يۇلتۇز پىلانى» غا مۇنداق بىرنەچچە نىگىزلىك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، ئۇزاق ۋاقىت ئۇچۇشقا باشلىغانلىقىنى ئىسپاتلاش، ئىككىنچى، ئوربىتىدا ئۇچرىشىش ۋە چېتىلىش تېخنىكىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ ئۈچىنچى، يەر شارىغا قونۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش.

1964 ـ يىلى ئاپرېلدا بلاۋئېر كاناۋېرالدا بىر دانە ئادەم چۇشمىگەن «جورا يۇلتۇز» ناملىق ئۇچقۇنى قويۇپ بەردى. ئۇنىڭغا ئادەم چۇشمىگەن بىلەن ئىككى دانە ئۇچقۇچىنىڭ مودېلى قاچىلاندى. 1965 ـ يىلى 23 ـ مارت يەنى بلاۋئېر ئەپەندىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى تۇنجى ئادەم چۇشكەن «جورا يۇلتۇز» ناملىق ئالەم كېمىسى قويۇپ بېرىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىرنەچچە قېتىم قويۇپ بېرىلدى، ئۇچۇش ۋاقتى بارغانچە ئۇزىراپ ئادەمنى خۇشال قىلدى. «جورا يۇلتۇز ــ 4» ناملىق ئالەم كېمىسى يەر شارى ئوربىتىسىنى بويلاپ تۆت كۈن ئۇچتى. بەشىنچىسى

سەككىز كۈن، يەتتىنچىسى 14 كۈن ئۆچتى. بۇ ۋاقىت ئالەم كېمىسىنىڭ ئايغا چىقىپ يەرگە قايتىپ كېلىشىگە يېتەتتى. ئۇزاق ۋاقىت ئۇچۇش جەريانىدا ئالەم كېمىسىنىڭ ھەرقايسى تەرەپتىكى ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى بولدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك گۇمانلىرىنى تۈگەتتى. «جورا يۇلتۇز» ئۇزاق ئۇچۇپ، كىشىلەرنىڭ ئايغا چىقىش ئىشەنچىنى ئاشۇردى.

«جورا يۇلتۇز» پىلانىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، ئادەم چۈشكەن ئىككى دانە ئالەم كېمىسىنى ئوربىتىدا ئۇچراشتۇرۇشتىكى تۈرلۈك تېخنىكىلار سىناق قىلىندى. كەلگۈسىدىكى ئايغا چىقىش پىلانىدا ئايغا چىقىدىغان ئالەم كېمىسى تېخىمۇ زور ۋە مۇرەككەپ بولۇشى، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىمۇ 10 نەچچە توننا بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر بولسا ئىككى راكېتا ئۇلارنى ئىككىگە بۆلۈپ ئوربىتىغا كىرگۈزۈشى، ئۇلارنى يەنە ئوربىتىدا قۇراشتۇرۇشى كېرەك ئىدى ياكى ئۇلارنى ئايغا ئاچىقىپ، ئاندىن ئۇلارنى ئاي شارى ئوربىتىسىدا بىرنەچچە قىسىمغا بۆلۈش، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمىنى ئايدا قالدۇرۇش، يەنە بىر قىسمىنى ئوربىتىدا قالدۇرۇش كېرەك ئىدى. ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغان قىسمى يەنە ئوربىتىغا قايتىپ كېلىپ، ئوربىتىدا قالغان قىسمى بىلەن ئۇچرىشىپ بىرلىكتە يەر شارىغا قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. بىرىنچى خىل « يەر شارى ئوربىتىسىدا ئۇچرىشىش شەكلى» دەپ ئاتىلاتتى؛ ئىككىنچى خىلى «ئاي شارى ئوربىتىسىدا ئۇچرىشىش شەكلى» دەپ ئاتىلاتتى. ئامېرىكا ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى چوڭقۇر دەلىللەش ئارقىلىق ئىككىنچى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشنى قارار قىلدى. بىراق، ئۇنىڭ تېخنىكىسىنى يەر شارى ئوربىتىسىدا تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇپ، ئاندىن ئايغا ئاچىقىپ ئىشلىتىش كېرەك ئىدى.

«جور يۇلتۇز پىلانى»دىكى ئوربىتىدا بىرىكتۈرۈش سىنىقى مۇشۇ پىلانىنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ بىر قىسمى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن

نۇرغۇنلىغان ۋاقىت كېتەتتى. 1969 ـ يىلىغا كەلگەندە، 10 قېتىم سىناق قىلىندى. يەتتە خىل ئوخشاش بولمىغان بىرىكتۈرۈش شەكلى ۋە تېخنىكىسى قوللىنىلدى. گەرچە بەزى كاشىلىلار كېلىپ چىققان بولسىمۇ، بىراق ئومۇمىي ئىقتىدارى يەنىلا ياخشى بولدى. بلاۋئېر بۇ جەرياندا نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى، ھەر قېتىملىق سىناقتىن بۇرۇن تولۇق تەييارلىق قىلدى. سىناقتىن كېيىنمۇ ئۇ ئۇسكۈنىلەرنى تەكشۈردى ۋە يېشىلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ نۇرغۇن ۋاقتى ۋە زېھنىي كۈچى كەتتى.

«مېركۇرىي پىلانى»نى يولغا قويۇش بىلەن بىللە بلاۋئېر بەنزىسىدىكىلەر «ساتۇرن» ناملىق چوڭ تىپلىق راكېتا تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. بۇ خىزمەت 1959 ـ يىلى دېكابىردا باشلانغانىدى. بۇ تۈر باشلىنىشى بىلەنلا ئالدىن تەتقىق قىلىنىدىغان تۈرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. دۆلەت بۇ تۈرنى ماتېرىيال، ئادەم، ماددىي جەھەتتىن خېلى كۆپ قوللىدى. «ساتۇرن» ناملىق راكېتانى قويۇپ بېرىشنىڭ مەقسىتى ئىلگىرىكى راكېتىلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇ باشتىلا «توشۇش ئەسۋابى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئارمىيە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قىتئەلەر ئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن پەرقلىنەتتى.

بلاۋئېر تەتقىق قىلغان «ساتۇرن» ناملىق راكېتانىڭ كۆپ خىل تىپلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرىنچى قۇتۇپى ئاساسەن ئوخشايتتى، بىراق باشقا قۇتۇپلىرى ئاز ـ تولا پەرقلىنەتتى، ئۇلارغا ئىشلىتىلگەن ماتور ۋە ئۇنىڭدىن چىققان ئىتتىرىش كۈچىمۇ ئوخشىمايتتى. تۇنجى «ساتۇرن» ناملىق راكېتا «SA — 1» دەپ ئاتالدى، ئۇ 1961 ـ يىلى 27 ـ ئۆكتەبىر ناۋرىلدا قويۇپ بېرىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن 1964 ـ يىلغىچە بىرقانچىسى قويۇپ بېرىلگەنىدى. 1964 ـ يىلى ماي ۋە سېنتەبىردە «ساتۇرن» ناملىق ئىككى دانە راكېتا تەقلىدىي ئاپوللونى ھىم قىلىنغان بۆلمە بىلەن ئوربىتىغا ئاچىققانىدى.

www.uyghurkitap.com

«ساتۇرن» ناملىق راكېتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئالەم كېمىسى بىلەن توشۇغۇچى ئەسۋاب ئوبدان ماسلاشتى. بۇ كېيىنكى قېتىملىق سىناق ئۇچۇن مول تەجرىبە توپلاپ بەردى.

«ساتۇرن — SA» نامىلىق راكېتا ئوڭۇشلۇق قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، بلاۋئېر يېڭى «ساتۇرن IB» نامىلىق راكېتا تەتقىقاتىغا تۇتۇش قىلدى. بۇ ئىنتېرىش كۇچى ناھايىتى چوڭ يېڭى تىپتىكى راكېتا ئىدى. راكېتانىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى بلاۋئېر لايىھىلىدى، كونكرېت ياساش خىزمىتى باشقا چوڭ شىركەتلەرگە تەقسىملەپ بېرىلدى. بلاۋئېر ئۇلارغا تېخنىكا ئۆلچىمى ۋە سۈپەت ئۆلچىمى بېكىتىپ بەردى ھەمدە تەكشۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا مەسئۇل بولدى. «ساتۇرن» نامىلىق راكېتا ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ زاپچاسلىرى نەچچە ئون مىڭ دانە كېلەتتى، ئۇنى ياساشنىمۇ نەچچە ئون مىڭ زاۋۇت ئۇستىگە ئالغانىدى. بىراق، بلاۋئېر ھەربىر ئىش، ھەربىر ھالقا ۋە ھەربىر تەرتىپنى چىڭ تۇتاتتى. ئۇ دائىم كۆپچىلىكنى، باشقۇرۇشتا بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. تۇرۇبا، قاپقاق، يېقىلغۇ مەشىنىڭ ئىچى پاكىز بولۇشى كېرەك دەپ ئاگاھلاندۇراتتى. ئۇ بارلىق خىزمەتچىلەردىن ۋە ھۆددىگەرلەردىن ھەممە ئىش شۆبىتسارىيە سائىتىگە ئوخشاش توپتوغرا بولۇشنى، تېخنىكا جەھەتتە ھەرقانداق سەۋەنلىكنى كەلتۇرۇپ چىقارماسلىقنى تەلەپ قىلدى. شىمالىي ئامېرىكىدىكى كدائىن تارماق شىركىتى، خىرىسلېر شىركىتى قاتارلىقلار راكېتا ياساشنى ئاساسلىق ھۆددىگە ئالغان شىركەتلەر بولۇپ، ئۇلار بلاۋئېرنىڭ كەسىپچانلىق روھىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىدى، ئۇلار بلاۋئېر راكېتاغا خۇددى دىنغا ئېتىقاد قىلغاندەك ئېتىقاد قىلىدىكەن، دېيىشتى.

«ساتۇرن — IB» نامىلىق راكېتانى ياساش خىزمىتى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. 1966 ـ يىلى فېۋرالدا تۇنجى ئادەم چۇشمىگەن «ساتۇرن — IB» نامىلىق راكېتا مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلدى. كېيىن ئىككى قېتىم قويۇپ بېرىلدى، ئۇنىڭ

ئۇچۇش ھالىتى كىشىنى رازى قىلالىتتى.

«ساتۇرن» بىلەن «ساتۇرن ــ IB» ناملىق راكېتانىڭ ھەر ئىككىسى ناھايىتى چوڭ، ئامېرىكا تارىخىدىكى ئېتتىرىش كۈچى ئەڭ چوڭ راكېتا بولسىمۇ، بىراق ئۇلار چوڭ تىپلىق راكېتالارنىڭ تۇنجىسى بولۇپ، ئايغا چىقىش ئۈچۈن، ناھايىتى كۈچلۈك تۇشۇش ئۇسكۇنىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، مارشال مەركىزىدىكى ئىنژېنېرلار بلاۋئېرنىڭ يېتەكچىلىكىدە «ساتۇرن ــ 5» ناملىق راكېتا ياساشقا كىرىشىپ، بۇنىڭدا ئامېرىكىلىقلارنى ئايغا چىقىرىش پىلانلاندى.

«ساتۇرن ــ 5» ناملىق راكېتا ئۈچ قۇتۇپلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ 1 - قۇتۇپى 1C ــ S نىڭ ئېگىزلىكى 45 مېتىر، توملۇقى 10 مېتىر ئىدى. ئۇنىڭغا F1 تىپلىق ماتوردىن بەشى قاچىلاندى، ئومۇمىي ئىتتىرىش كۈچى 3 مىليون 450 مىڭ كىلوگىرام بولۇپ، «ساتۇرن» ناملىق راكېتانىڭ تۇنجى قۇتۇپىنىڭ بەش ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى. ئىككىنچى قۇتۇپى 2 ــ S نىڭ ئېگىزلىكى 27 مېتىر، دىئامېتىرى 10 مېتىر كېلەتتى. ئۇنىڭغا 2 ــ J تىپلىق ماتوردىن بەشى قاچىلانغان. ئىتتىرىش كۈچى 520 مىڭ كىلوگىرام ئىدى؛ ئۈچىنچى قۇتۇپى 4B ــ S نىڭ ئېگىزلىكى 19 مېتىر، توملۇقى يەتتە مېتىر كېلەتتى، ئۇنىڭغا 2 ــ J تىپلىق ماتوردىن بىرى قاچىلانغان، ئىتتىرىش كۈچى 80 مىڭ كىلوگىرام ئىدى. «ساتۇرن ــ 5» ناملىق راكېتانىڭ ھەممە قىسمى قۇراشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 121 مېتىرغا، يېقىلغۇ قاچىلانغاندىن كېيىنكى ئېغىرلىقى 288 توننىغا يەتتى. ئۇنىڭ بىلەن 50 توننىلىق ئالەم كېمىسىنى ئايغا ئاچىقىلى ياكى 150 توننا ناگىرۇزكانى يەر شارى ئوربىتىسىغا كىرگۈزگىلى بولاتتى.

ئالەم كېمىسى سىنىقى ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقان پەيتتە، يەنى 1967 - يىلى 27 - يانۋار ئاپەت خاراكتېرلىك بىر ۋەقە يۈز بەردى. كاناۋېرالدا ئېلىپ بېرىلغان سىناقتا، ئۈچ ئۇچقۇچى

www.uyghurkitap.com

204 ــ SA ناملىق ئالەم كېمىسىگە ئولتۇردى. ئۇلار ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قويۇپ بېرىشنى كۈتۈپ تۇراتتى. بلاۋئېر بىلەن ئالەم سانائىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋېب كادىلاك ماركىلىق پىكاپ بىلەن ئاقسارايغا كېتىپ قالدى، بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر كۈن بولۇپ، بۇ كۈن ئامېرىكا زۇڭتۇڭى جونسون بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى دوبىرىنىن «تاشقى ئالەمدىن تىنچلىق ئاساسىدا پايدىلىنىش» كېلىشىمىگە ئىمزا قوياتتى. بلاۋئېر تەكلىپكە بىنائەن بۇ مۇراسىمغا كەلدى. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، زۇڭتۇڭ مېھمانلار شەرىپىگە بەرگەن زىياپەتكە ئىشتىراك قىلدى. تەخمىنەن سائەت 7 لەر بولغاندا، يەنى زىياپەت تازا قىزىغان پەيتتە بىر خىزمەتچى مېھمانلار توپىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، ئىدارە باشلىقى ۋېبنىڭ قېشىغا كەلدى. ۋېب كەچۈرۈم سوراپ زالدىن ئايرىلدى. بەش مىنۇتلاردىن كېيىن، ئۇ قايتىپ كىرىپ، بىر شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدى، كاناۋېرال تۇمشۇقىدىكى 34 ـ نومۇرلۇق راكېتا سۇپىسى ئوت كېتىپ پارتلاپ كەتكەن، ئامېرىكىلىق ئۈچ ئۇچقۇچى قازا قىلغانىدى، شۇنىڭ بىلەن زىياپەت ئاخىرلاشتى.

ۋەقەدىن كېيىن ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى دەرھال بىر مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى قۇردى ھەمدە ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئامېرىكىدىكى چوڭ ـ چوڭ گېزىتلەر دەۋرەپ كەتتى، تاپا ـ تەنىلەر كۆپىيىشكە باشلىدى، ھەتتا بەزىلەر ئايغا چىقىش پىلانىنى بىراقلا ئىنكار قىلدى ۋە بۇ پىلاننى پۈتۈنلەي خاتا دېيىشتى.

ئەمما، بلاۋئېر قازا قىلغان ئۈچ ئۇچقۇچى باتۇر باشلامچىلار، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى ھەرگىزمۇ قەدىرسىز ئۆلۈم ئەمەس، ئۇلار ئۆز ھاياتى ئارقىلىق ئالەم قاتنىشى ئىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. كېيىنكىلەر دەل مۇشۇ يول بىلەن ماڭغاندىلا، ئاندىن باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، دەپ قارىدى.

بىرنەچچە ھەپتىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ۋەقەنىڭ سەۋەبى

ئېنىقلاپ چىقىلدى. ئاپوللو ناملىق ئالەم كېمىسىدە زور كەمتۈكلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ لايىھىسىنى ئۆزگەرتىش كېرەك ئىدى. «ساتۇرن» ناملىق راكېتانىڭ ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى، بلاۋئېرنىڭ خىزمىتىمۇ نۇقسانسىز ئىدى. شۇنداق قىلىپ بىر يىلغا يېقىن ئۇزۇلۇپ قالغان سىناق يەنە داۋاملىشىشقا باشلىدى.

1967 ـ يىلى 9 ـ نويابىر بلاۋئېر باشچىلىق قىلغان «ساتۇرن ـــ 5» ناملىق راكېتا ئاخىر دۇنياغا كەلدى. ئۇ كاناۋېرالدىكى راكېتا قويۇپ بېرىش سۇپىسىدا قەد كۆتۈردى ۋە ئۆزىنىڭ جورىسىنى تۇتۇپ تۇردى. ئۇنىڭ باش قىسمىغا ئاپوللو قوماندانلىق بۆلمىسى، مۇلازىمەت بۆلمىسى ۋە تەقلىدىي ئايغا چىقىش بۆلمىسى قۇراشتۇرۇلدى. ئۇنىڭدا ئۇچقۇچى يوق بولۇپ، ئۇ رەسمىي ئايغا چىققانغا ئوخشاش ئۇچۇشى كېرەك ئىدى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 7 دە، «ساتۇرن ـــ 5» ناملىق راكېتاغا ئوت يېقىلدى. راكېتا كۆككە كۆتۈرۈلدى. كەينىدىن 2 ـ، 3 ـ قۇتۇپلىرىغىمۇ ئوت يېقىلدى. قوماندانلىق بۆلمىسىنىڭ سۈرئىتى سائىتىگە 40 مىڭ مېتىرغا يەتتى. 8 سائەت 37 مىنۇتتىن كېيىن، قوماندانلىق بۆلمىسى ھاۋاي دېڭىز يۈزىگە ئامان ـ ئېسەن چۈشۈپ، ئالدىن نىشانلانغان ۋەزىپىنى ئوبدان ئورۇندىدى.

پۈتكۈل ئالەم قاتنىشى پىلانىدا بلاۋئېر ئاساسلىقى توشۇغۇچى ئەسۋابقا مەسئۇل بولدى. بىراق، بىر داڭلىق ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالەم قاتنىشىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ساھەلەرگىمۇ زور تۆھپە قوشتى. مەسىلەن، بلاۋئېر ئالەم كېمىسىنى لايىھىلەش ۋە ياساش خىزمىتىگە بىۋاسىتە قاتناشمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئالەم كېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى، فۇنكسىيىسىگە قارىتا نۇرغۇن قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىر بەردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى. ئالەم كېمىسىدە بىخەتەرلىك مەسىلىسى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، ئۇنىڭدا يۇكسەك مۇستەقىل مەشغۇلات قىلىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. ئالەم كېمىسىدە

سۇ، ھاۋا قاتارلىقلارنى قايتا ئىشلەپ چىقىرىش ئۇسكۇنىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، يېتەرلىك سۇ ۋە ئۇكسىگېن ئېلىپ ماڭسا، راكېتانىڭ ئېغىرلىقى ئېشىپ كېتەتتى. بلاۋئېر ئۇچقۇچىلارنى مەشىق قىلدۇرۇشنى بالدۇرراق باشلاشنى، كەلگۈسىدىكى مۇھىت ۋە دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەقلىد قىلىپ، ئۇچقۇچىلارنى ھەقىقىي ماھارەت ئىگىسى قىلىپ يېتىلدۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئۇچقۇچىلار فورمىسى، ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، ھەتتا ئۇخلاش كېيىمىگىچە كۆڭۈل بۆلەتتى، ھەتتا ئۆزىمۇ ئۇچقۇچىلار فورمىسى كىيىپ سۇ كۆلچىكىگە چۈشۈپ، ئېغىرلىقىنى يوقاتقان ھالەتنى سىناپ كۆردى.

ئاي شارىنىڭ كىلىماتى ناھايىتى سوغۇق ھەم ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. ئۇ يەردە ئادەمنىڭ قانداق پائالىيەت قىلىدىغانلىقى، قانداق مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئالىملار ھېچقانداق نەرسىنى بىلمەيتتى. بلاۋئېر جەنۇبىي قۇتۇپقا ئۆزى بېرىپ كۆرۈپ بېقىشنى، ئۇ يەرنىڭ كىلىماتى بىلەن تونۇشۇشنى قارار قىلدى. 1967 - يىلى يانۋاردا ئۇ ئايروپىلان بىلەن جەنۇبىي قۇتۇپقا كەلدى ۋە ئۇ يەردە توپتوغرا بىر ھەپتە تۇردى.

بىلاۋئېر ئۇ يەردە تولىمۇ كۆڭۈللۈك ياشىدى. ئامېرىكىنىڭ ئالتە كۆزىتىش پونكىتىنى زىيارەت قىلدى. ئامونسون - سترن پونكىتىدا ئۇ ۋە باشقا ئالىملار ھامىمامغا چۈشۈپ يۇيۇندى. ئۇلار يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن لۆڭگىلەرنى ئارتىپ كەپىدىن چىقتى - دە، جەنۇبىي قۇتۇپتىكى بايراق خادىسىنى تۇتۇپ ئايلاندى. بۇ چاغدا ئاجايىپ بىر خىل سېزىم پەيدا بولدى. ئۇلار يەر شارىنى بويلاپ يۈگۈرۈپ ئايلاندى، بىر ئايلىنىشى بەش سېكۇنتقىمۇ يەتمەيتتى، بۇ ئالەم ئۇچقۇچىلارنىڭ سۈرئىتىدىنمۇ تېز ئىدى.

جەنۇبىي قۇتۇپقا قىلغان سەپىرىدە بلاۋئېر كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدى. ئۇ يىراق ۋە بىپايان زېمىندا ئىلمىي تەكشۈرۈش

ئېلىپ بارغاندا خەۋەرلىشىش ۋە توشۇش لىنىيىسىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىدە ھاياتلىقنى ساقلاش سىستېمىسىنىڭ ئىمكانقەدەر مۇكەممەل بولۇشىنى؛ خەتەرگە يولۇققاندا چوقۇم چېكىنىش يولى ۋە بارار جايى بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى ھەمدە بۇ بىلىملىرىنى ئاپوللو پىلانىغا تەتبىقلىدى، بۇ ئۇنىڭ ئالەم تەتقىقاتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ جەنۇبىي قۇتۇپتىكى كەپىلەرنىڭ تولىمۇ راھەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئامېرىكىدا تەييارلانغانلىقىنى، كارىۋات، چىراغلارنىڭ ئوبدان قۇراشتۇرۇلغانلىقى، ھەتتا چىرايلىق قىزلارنىڭ رەسىمى چاپلانغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ سۆيۈندى، ئالەم كېمىسىدىمۇ مۇشۇنداق بولسا قانداق ياخشى ـ ھە، دەپ ئويلىدى. بلاۋئېرنىڭ بۇ خىل قېتىرقىنىپ پىكىر يۈرگۈزۈش، كەسىپنى ھۆرمەتلەش روھى ئاپوللو پىلانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداشنىڭ مۇھىم كاپالىتى ئىدى.

«ساتۇرن ــ 5» نامىلىق راكېتا ئۇچۇشلۇق ياساپ چىقىلغاندىن كېيىن، ئايغا چىقىش كېمىسىمۇ جىددىي ئۆزگەرتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 1968 ـ يىلى ئىشەنچلىك، بىخەتەر ئايغا چىقىش كېمىسى لاياقەتلىك بولۇپ، باھالىنىشتىن ئۆتتى. دېمەك، ئايغا چىقىشنىڭ پۇرسىتى ئاساسەن پىشىپ قالدى. شۇ يىلى دېكابىردا يەنى مىلاد بايرىمى كۈنى ئامېرىكا ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە بىر سوۋغات بەردى. ئۇ بولسىمۇ بلاۋئېر كاناۋېرالدا مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بەرگەن «ساتۇرن ــ 5» نامىلىق راكېتا ئىدى. بۇ راكېتا فرانك بولمان ۋە ئۈچقۇچىلار گورۇپپىسىدىكىلەر ھەيدىگەن «ئاپوللو ــ 8» نامىلىق ئالەم كېمىسىنى ئاي شارىغا كىرگۈزدى. بۇ تارىختا ئىنسانلار بىلەن ئاي ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ئەڭ يېقىن بولغان بىر كۈن ئىدى.

ئىنسانلارنىڭ ئايغا چىقىشى ئەمدى ئەپسانە بولماي قالدى. بۇ كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تور ئادرېسى

# ئون ئۈچىنچى باب «ئاپوللو» دىن يەر شارىغا سالام

1969 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇل ئىنسانلار تارىخى ئەڭ پارلاق دەقىقىلەرگە قەدەم قويدى. كاناۋېرالدا راكېتا قويۇپ بېرىش مۇنارىدا كۆككە تاقاشقان «ساتۇرن ــ 5» ناملىق راكېتا «ئاپوللو ئايغا چىقىش كېمىسى»نى ئېلىپ يەر شارىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇراتتى، ئۇ ئاي ئوردىسىنى زىيارەت قىلاتتى. قويۇپ بېرىش مەيدانىدىن تۆت ئىنگلىز چاقىرىم نېرىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلار كۆرۈش سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان مىنۇتلارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈشەتتى. مېھمانلار ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى جونسون، 206 نەپەر ئاۋام پالاتا ئەزاسى، 30 نەپەر كېڭەش پالاتا ئەزاسى، 19 شتات باشلىقى، 40 شەھەرنىڭ شەھەر باشلىقى، ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ سودىيىلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىرى، 69 دۆلەتنىڭ باش ئەلچىلىرى، 102 چەت ئەللىك ئالىم، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 3000دىن ئوشۇق مۇخبىر ۋە نەچچە ئون مىڭ ئامېرىكىلىق بار ئىدى. ئۇلار دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، بۇ قېتىمقى قويۇپ بېرىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەيتتى.

بلاۋئېر كۆرۈش سۇپىسىدا يوق، ئۇ كونترول مەركىزىدە بولۇپ، بۈگۈن بۇ يەرگە ناھايىتى بۇرۇنلا كەلگەنىدى.

بلاۋئېر ئىلگىرى نۇرغۇن باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ قېتىم ئۇ ناھايىتى جىددىيلەشتى. تۇنۇگۈن كېچە، ئۇ بىردەممۇ كىرپىك قاقمىدى، ئۇ قويۇپ بېرىش تەرتىپ جەدۋىلىنى بىر سائەتچە تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئىككى

قولىنى گىرەلەشتۇرۇپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قويۇپ بېرىشتىكى ئىنچىكە ھالقىلار ئۈستىدە چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. ئاندىن ئىككى كۆزىنى يۇمغىنىچە چىن ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلدى. بۇ ئىلگىرىكىدىن پۈتۈنلەي ئۆزگىچە بىر ئاخشام ئىدى، تارىخى بىر چوڭ ۋەقە بولۇش ئالدىدا تۇرغاچقا، ئۇ ئۇزاققىچە دۇئا قىلدى.

بلاۋئېر كونترول مەركىزىدىكى ئەينەكلىك ئۆيدە ئولتۇراتتى. ئۇ قولاقلىق تېلېفون كىيىۋالغان، كۆزلىرى كونترول سۇپىسىدا، ۋاقىتنى تەتۈر ھېسابلاش ۋاقتى بولدى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا قويۇلغان تېلېۋىزور ئېكرانىدا، ئۈچ ئۇچقۇچى پەيدا بولدى. ئۇلار ئادەملەر توپىدىن ئايرىلىپ راكېتانىڭ باش قىسمىدىكى قوماندانلىق بۆلمىسىگە كىردى، قويۇپ بېرىشكە بىرنەچچە مىنۇتلا قالدى. سىگنال ۋاقىت ھېسابلاشقا باشلىدى، 6 ... 8 ... 10 ۋاقىت توشتى، «ساتۇرن — 5» ناملىق راكېتانىڭ بىرىنچى قۇتۇپىغا ئوت يېقىلدى. ئۇ 180 مىليون ئات كۈچىگە تەڭ كېلىدىغان كۈچ بىلەن چوڭ راكېتانى ئېلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. بىرىنچى قۇتۇپىتىكى يېقىلغۇ 2 مىنۇت 40 سېكۇنت كۆيدى، ئارقىدىن ئىككىنچى قۇتۇپتىكى راكېتاغا ئوت يېقىلدى، «ئاپوللو — 11» يەر شارى ئوربىتىسىغا كىردى. ئالەم كېمىسى يەر شارىنى بىر يېرىم ئايلىنىپ ئۆتتى. ئۇچقۇچىلار بىلەن يەر يۈزىدىكى تېخنىكلار ئالەم كېمىسىنىڭ ھەرقايسى سىستېمىلىرىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، ھەممە نەرسىنىڭ نورمال ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. كونترول مەركىزى ئۈچىنچى راكېتاغا ئوت يېقىشقا، ئالەم كېمىسىنى ئايغا چىقىرىشقا بۇيرۇق قىلدى. بلاۋئېر كۆزىنى ئېكراندىن ئۈزمەي قاراپ، ئالەم كېمىسىدىن كەلگەن ئۇچۇرلارنى ئەستايىدىل كۆزەتتى. ئۈچىنچى راكېتاغا ئوت يېقىلغاندىن كېيىن، ماتور بىر دەقىقىمۇ خاتالاشماي ماشىنىنى توختاتقاندا، بلاۋئېر خۇشاللىقىدا ئۆزىنى باسالماي ئىختىيارسىز ۋارقىراپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

16 ـ ئىيۇل چۈش سائەت 12 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە «ئاپوللو» ناملىق ئالەم كېمىسى ئۈچىنچى راكېتادىن ئايرىلىدى ۋە داۋاملىق ئاي شارىنى بويلاپ ئۇچۇشقا باشلىدى.

ئاپوللو ــ 11 ناملىق ئالەم كېمىسىدە جەمئىي ئۈچ ئۇچقۇچى بار بولۇپ، ئۇلار نىيل ئامىسترونگ، ئېدۋىن لدىرلىن ۋە مىخائىل كوللىنگس ئىدى. ئالەم كېمىسى ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار «كولۇمبىيە» ناملىق قوماندانلىق بۆلىمىسى، مۇلازىمەت بۆلىمىسى ۋە «قۇش» ناملىق ئايغا چىقىش بۆلىمىسىدىن ئىبارەت. ئۈچ كۈنلۈك تاشقى كۈچ بولمىغان ئۇچۇش جەريانىدا ئۈچ ئالەم ئۇچقۇچىسى نۆۋەتلىشىپ ئۇخلىۋالدى. ئۈچ بۆلىمىنىڭ ھالىتىمۇ ناھايىتى ياخشى بولدى.

19 ـ ئىيۇل چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دىن 26 مىنۇت ئۆتكەندە، مۇلازىمەت بۆلىمىسى بار راكېتاغا ئوت يېقىلدى، ئۇچقۇ ئاي شارى ئوربىتىسىغا كىردى، ئاندىن ئاينىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ تۆت سائەت ئۇچتى. چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تىن 42 مىنۇت ئۆتكەندە، مۇلازىمەت بۆلىمىدىكى راكېتا يەنە ئوت ئالدى، ئۇچقۇچى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئاي ئوربىتىسىغا يېقىنلاشتى، ئۇ ئايغا 110 كىلومېتىر كېلىدىغان ئېگىزلىكتە تەكشى ئۇچۇشقا باشلىدى.

20 ـ ئىيۇل چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دىن 42 مىنۇت ئۆتكەندە، نىيل ئارمىسترونگ بىلەن ئىدۋىن ئولدىرلىن ئايغا چىقىش بۆلمىسىگە ئاستا ئۆمىلەپ چىقتى ۋە كولۇمبىيە ناملىق ئالەم كېمىسىدە قالغان مىخائىل كوللىنگس بىلەن خوشلاشتى. ئارقىدىن ئۇلار ئايغا قونۇشقا تەييارلىق قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇچۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتى يېتىپ كەلگەن، پۈتۈن دۇنيا خەلقى رادىئو ۋە تېلېۋىزور ئالدىغا ئولاشقانىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تىن 12 مىنۇت ئۆتكەندە «قۇش» ناملىق بۆلمە تۆۋەنلىدى، راكېتا ئوت ئالدى، ئۇچقۇچى ئايغا قونۇشقا باشلىدى. بىر سائەتتىن كېيىن، كونترول ئىشخانىسىغا ئارمىسترونگنىڭ

ئاۋازى كەلدى: «بۇ يەر تىپتىنچ زېمىن ئىكەن، ( قۇش ) ناملىق كېمە يەرگە قوندى ! »

بارلىق ئۇچۇش جەريانىدا، بلاۋئېر قىلچە بىخۇدلۇق قىلمىدى، بەلكىم ئۇ باشقىلاردىن بەكرەك جىددىيلەشكەن، ھەتتا ئۇچقۇچىلاردىنمۇ بەكرەك جىددىيلەشكەن بولسا كېرەك. ئەمدىلىكتە، ئۇنىڭ كۆزى نەملەشتى، قەلبى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇ يانچۇقىدىن قولياغلىقچىلىك ئامېرىكا دۆلەت بايرىقىنى ئېلىپ دوستلىرىغا قارىتىپ پۇلاڭلاتتى.

كوللىنگس قوماندانلىق بۆلمىسىنى ھەيدەپ داۋاملىق ئايدا ئايلىنىۋەردى. ئارمىسترونگ بىلەن ئولدىرلىن «قۇش»دا بىر ـ نەچچە سائەت تۇردى. ئۇلار ئوربىتىغا يېقىنلاشتىن بىختەر كىرىشتە زۆرۈر بولىدىغان بارلىق مۇرەككەپ سىستېمىلارنى تەكشۈرۈپ، ئاخىر بۆلمە ئىشىكىنى ئاچتى ۋە ئايغا قەدەم قويدى.

20 ـ ئىيۇل چۈشتىن كېيىن سائەت 10 دىن 56 مىنۇت ئۆتكەندە ئارمىسترونگ ئالەم كېمىسىنىڭ شوتىسىدىن يەرگە چۈشتى، ئۇ ئۆتۈك كىيگەن پۇتى بىلەن ئايغا تۇنجى ئاياغ ئىزىنى قالدۇردى. ئارقىدىن ئۇ ناھايىتى پاساھەتلىك مۇنداق بىر سۆزنى قىلدى: «بۇ بىر قەدەم، بىر ئادەمگە نىسبەتەن تولىمۇ كىچىك: بىراق بارلىق ئىنسانلارغا نىسبەتەن ناھايىتى زور يۈكسىلىش !» 27 مىنۇتتىن كېيىن، ئولدىرلىنمۇ ئالەم كېمىسىنىڭ سىرتىغا چىقتى. ئىككى نەپەر ئالەم ئۇچقۇچىسى ئاي يۈزىدە ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ تېلېكامېرانى تەڭشىدى ھەمدە ئاينىڭ مەنزىرىسىنى يەر يۈزىگە يوللاپ بەردى، ئاينىڭ يۈزى ناھايىتى ئاق بولۇپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئاي ئەتراپىدىكى بوشلۇق قاپقارا ئىدى، ئىككى ئۇچقۇچىنىڭ ئاپئاق ئاي يۈزىدە قاپقارا سايىسى پەيدا بولدى. ئاق بىلەن قارا ناھايىتى ئېنىق پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئارقىدىن ئارمىسترونگ بىلەن ئولدىرلىن ئايغا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى قادىدى، ئاندىن زۇڭتۇڭ بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئاخىرىدا ئۇلار ئىلمىي ئۆلچىگۈچىنى

قويۇپ، 20 نەچچە كىلوگرام تاش يىغدى ـ دە، مەزمۇت قەدەم بىلەن مېڭىپ ئالەم كېمىسىنىڭ شوتىسىغا چىقتى. بۇ ئىككى سائەتتە، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت نەزىرى ئۇلاردا بولدى. ئايغا چىقىش ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تېلېۋىزورلىرىدىكى ئەڭ قىزىق پروگراممىا بولۇپ قالدى.

ئارمىستىرونگ بىلەن ئولدېرلىن ئالەم كېمىسىگە چىققاندىن كېيىن، ئېغىزنى ھەم ئېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. 21 ـ ئىيۇل چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە ئايغا چىقىش بۆلمىسى ئاي شارىدىن ئايرىلدى. تۆت سائەت ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇچقاندىن كېيىن «قۇش» بىلەن «كولۇمبىيە» ناملىق ئۇچقۇچى ئوڭۇشلۇق ئۇچراشتى، مۇلازىمەت بۆلمىسى بار راكېتا يەنە ئوت ئالدى. بۇ باتۇر ئۈچ ئۇچقۇچى يەر شارىغا قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى. 24 ـ ئىيۇل ئالەم كېمىسى تىنچ ئوكيانغا قوندى، ئامېرىكىنىڭ «چوڭ سېرىق ھەرە» ناملىق ئاۋئىماتكىسى ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئەكەلدى.

ئاپوللو ــ 11 نىڭ ئايغا ئوڭۇشلۇق چىقىشى ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت، شۇنداقلا ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ گۈزەل دەقىقىلەر ھېسابلىنىدۇ. خۇددى زۇڭتۇڭ رىچارد نىكسون ئېيتقاندەك: «بۇ دۇنيا بىنا بولغاندىن بۇيانقى كىشى قەلبىنى ئەڭ لەرزىگە سالغان بىر ھەپتە بولدى».

ئاپوللو ــ 11 نىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى بىلاۋئىرنىڭ ئەڭ بۈيۈك تۆھپىسى ئىدى. ئاپوللو ناملىق ئالەم كېمىسىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى، ئاپوللو ناملىق توشۇغۇچى ئەسۋابىنىڭ ئىجادچىسى بولغان بىلاۋئىر بالىلىق چېغىدىن تارتىپلا ئالەمگە چىقىشنى ئويلايتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ بۇ شېرىن چۈشى ئاخىر رېئاللىققا ئايلاندى. بىلاۋئىر ئىنسانلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئاشۇردى، ئىنسانلارنى تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىككە ئېرىشتۈردى، ئامېرىكىلىقلار ئۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى. ئاپوللو مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن،

ئامېرىكا گېزىتلىرى ئايغا چىقىش پىلانىنى خەۋەر قىلىش بىلەن بىللە گېزىتنىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلىدىغان يېرىگە «ھازىرقى زامان ئالەم قاتنىشى ئاتىسى»نى تونۇشتۇردى.

ئايغا چىققان ئۈچ ئەزىمەت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى مەخسۇس كىتابچە قىلىپ نەشر قىلدۇردى. ئۇلار كىتابنىڭ تىتۇلىغا مۇنداق دەپ يازغاندى. «ۋېينېرغا بېغىشلايمىز، سىزنىڭ تەشەببۇسىڭىز ۋە ئالدىن كۆرەرلىكىڭىز، سىزنىڭ تەشۋىقاتىڭىز، تەتقىقاتىڭىز، ياردىمىڭىز ۋە قوللىشىڭىز بىلەن بىر بىرىنچى بولۇپ ئايغا چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق.»

ئاپوللو ــ 11 دىن كېيىن، ئامېرىكا يەنە ئاپوللو 12، 13، 14، 15، 16، 17 ناملىق ئالەم كېمىلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن قويۇپ بەردى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا «ساتۇرن ــ 5» نامىلىق راكېتامۇ بارغانسېرى ياخشىلاندى ھەمدە ئاپوللونىڭ تەلەپلىرىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتى. مەسىلەن، ئۇچقۇچىلارنىڭ ئايدا ئۇزاقراق تۇرۇشى، «ساتۇرن» نامىلىق راكېتاغا كۆپرەك يېقىلغۇ ئېلىۋېلىش، ماشىنا قۇرۇلمىسىنى ئېھتىياجغا ئاساسەن تەڭشەش، يەنە مەسىلەن، ئۇچقۇچىلار ئايدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىر دانە «ئالەم تاكسى ماشىنىسى» تەلەپ قىلغاندا، بلاۋئېر راكېتانىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، «ئالەم ماشىنىسى»نى ئاسمانغا چىقىرىپ، بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇلارنىڭ «ساتۇرن» نامىلىق راكېتاسى ھەر قېتىم ئوڭۇشلۇق ئۇچتى، ھاۋا بوشلۇقىدىمۇ ھېچقانداق كاشىلا يۈز بەرمىدى، بىرەر ئۇچقۇچىمۇ پارتلاپ كەتمىدى، پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئۇنىڭ ئاجايىپ نەتىجىلىرىدىن ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

ئاپوللو جەمئىي يەتتە قېتىم ئۇچۇش جەريانىدا پەقەت بىرلا قېتىم قورقۇنچلۇق ۋەقە يۈز بەردى. 1970 ـ يىلى 11 ـ ئاپرېل ئۇچقۇچىلاردىن لوۋېل خايېس ۋە سۋېرىگارت ئولتۇرغان «ئاپوللو ــ 13» نامىلىق ئالەم كېمىسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. بۇ

www.uyghurkitap.com

چاغدىمۇ بىلاۋئېر ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا نەق مەيداندا كۆرۈپ قويۇپ بېرىشكە نازارەتچىلىك قىلىشۋاتاتتى. قويۇپ بېرىش، ئۇچۇشمۇ نورمال بولدى. ئۇنىڭدىكى ھەربىر نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ بۇ بىر نورمال سىناق ئىدى. بىراق، 13 ـ ئاپرېل ئالەم كېمىسى ئايغا 48 مىڭ كىلومېتىر قالغان، يەر شارىدىن 328 مىڭ كىلومېتىر كۆتۈرۈلگەن چاغدا، تۇيۇقسىز پارتلاش يۈز بەردى. خەۋەر يېتىپ كەلگەندە بىلاۋئېر قاتارلىقلار «ئاپوللو ــ 13» بەلكىم ئايغا سوقۇلۇپ كەتكەن بولۇشى ياكى مەڭگۈ قوياشنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدىغان مېيىت ساندۇقىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ تولىمۇ ئەنسىرىدى. بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت ـ ھە!

ئۇچقۇچىلار بۇ قېتىمقى پارتلاشنىڭ خەۋىرىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، خيۇستون ئالەم قاتنىشى مەركىزىنىڭ يىراقتىن قوبۇل قىلىش ئەسۋابىدا ئاپوللو ــ 13 ناملىق ئالەم كېمىسىنىڭ ئوكسىگېن بېسىمى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى كۆرۈلدى. مەركەز بايقالغان ئەھۋالنى ئۇچقۇچىلارغا خەۋەر قىلدى. ئۇلار ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تۈرلۈك سىستېمىلارنى ئىشقا سېلىپ، ئاخىر مۇلازىمەت بۆلمىسىدىكى ئوكسىگېن تۇڭىنىڭ پارتلاپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مۇھىم يەردىن ۋەقە چىقىشى ھايات ـ ماماتقا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ، ئايغا قاراپ ئۇچۇۋېرىش تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى، بىراق ئۇچقۇچىلار يەر شارىغا ساق ـ سالامەت قايتىپ كېلەلەرمۇ؟ ئالەم كېمىسىدىكى ئوكسىگېن يېتەرمۇ؟ بۇ بىر مەسىلە ئىدى.

مۇلازىمەت بۆلۈمى ئاساسەن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان، ئۇ قوماندانلىق بۆلمىسىگە ئوكسىگېن يەتكۈزۈپ بېرەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىكى راكېتا ماتورىمۇ ئىشلىمەس بولۇپ قالغان. بەختكە يارىشا قوماندانلىق بۆلمىسى بىلەن ئايغا چىقىش بۆلمىسى بىر بولۇپ، ئايغا چىقىش بۆلمىسىنىڭ ئىتتىرىش سىستېمىسى ۋە بىخەتەرلىك سىستېمىسى بار ئىدى. بىراق، ئايغا

چىقىش بۆلمىسى قۇياش نۇرىنىڭ ھارارىتىگە ئاساسەن لايىھىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ كۆنلۈك يېنىش سەپىرىدىكى سوغۇق ھاۋاغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئالەم كېمىسىدىكىلەر بىلەن يەردىكىلەر تەكرار كېڭىشىش ئارقىلىق بلاۋئېر ئالەم كېمىسىدىكى يېمەكلىكلەرنى خالتىغا قاچىلاش، ھاۋانى ئايغا چىقىرىش بۆلمىسىدىن نەيچە ئارقىلىق قوماندانلىق بۆلمىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلار بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆردى. بىراق، ئايغا چىقىش بۆلمىسىدىكى ئوكسىگېنمۇ چاغلىق، راكېتانىڭ ئىتتىرىش كۈچىمۇ يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. بلاۋئېر قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر، «ئاپوللو ــ 13» ناملىق ئالەم كېمىسىنىڭ بىخەتەر قايتىپ كېلىش ئېھتىماللىقى 50 پىرسەنت دەپ پەرەز قىلىشتى.

ئادەمنىڭ پاراستى چەكسىزدۇر، نەچچە مىليون ئامېرىكىلىق تەشۋىشلىنىۋاتقان، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقاندا، بلاۋئېر قاتارلىقلار مەسىلىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، ئالەم كېمىسىنىڭ ئۈنۈملۈك ئۈچۈشىغا داۋاملىق يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇچقۇچىلارمۇ قەددىنى رۇسلاپ، سوكۇت قىلىشتىن قۇتۇلدى ۋە 17 ـ ئاپرېل تىنچ ئوكيانغا بىخەتەر قوندى. ئۇ ئالەم قاتنىشى تارىخىدىكى بىر مۆجىزە بولۇپ، ھاياتنى، ئالەم ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغان كىشىلەرنى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۈردى.

1972 ـ يىلى 7 ـ دېكابىر «ئاپوللو ــ 17» ناملىق ئالەم كېمىسى تۈن نىسپىدە ئالەم بوشلۇقىغا قويۇپ بېرىلدى. ئۇنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۇچقانلىقى ئاپوللو پىلانىنىڭ غەلىبىلىك تاماملانغانلىقىدىن، بارلىق كەڭ كۆلەمدىكى ئايغا چىقىش پائالىيەتلىرىنىڭ توختايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ، ئاخىرقى قېتىملىق «ئاپوللو» ھەرىكىتى بولۇپ، ئەسلىدىكى پىلان بويىچە «ئاپوللو ــ 18»، «ئاپوللو ــ 19» ناملىق ئالەم كېمىلىرىمۇ قويۇپ بېرىلەتتى. بىراق، ئاپوللو پىلانى

www.uyghurkitap.com

مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى ئۈستۈنلۈكى تەلتۆكۈس شەكىللەندى. ئامېرىكىنىڭ قىزىقىشى سۇسلاپ كەتتى، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قىزغىنلىقىمۇ سۇسلاپ كەتتى، ئەڭ مۇھىمى ھۆكۈمەت ئالەم قاتنىشى خىراجىتىنى ئازايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى ئىككى قېتىملىق ئايغا چىقىش پىلانى بىكار قىلىندى. ئامېرىكىنىڭ ئالەم ئىشلىرى ئالەم پونكىتى، ئالەم ئايروپىلانى ياساشقا يۈزلەندى، ئاجايىپ گۈللەنگەن جۇشقۇن بىر دەۋر شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئاپوللو پىلانىنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملىنىشىنى بلاۋئېرنىڭ تىرىشچانلىقى، قابىلىيىتى، دانالىقى ۋە ئاجايىپ باشقۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بلاۋئېر ئەسلىدىلا بىر تالانتلىق ئىنژېنېر بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارى ئاتوم بومبىسى ئاتىسى ئوپپېنخېيم بىلەن تەڭ كېلىشەتتى. ھالبۇكى، ئاپوللو پىلانى مانخاتتون قۇرۇلۇشىدىنمۇ چوڭ، كىشىنى قايىل قىلىدىغان كاتتا ئىش ئىدى. بلاۋئېر بۇ قۇرۇلۇشتا ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئاجايىپ ئوي - پىكىرلىرى ئادەمنىڭ ئەقلىنى ھەيران قالدۇردى. قويۇپ بېرىش ۋە كونترول قىلىش تەجرىبىخانىسى بىر قېتىم بىر خىل يېڭى تىپلىق تورۇبا ئۇلاپ چىقىرىپ بېرىدىغان بىر قۇرۇلمىنى قۇراشتۇرماقچى بولدى. ئۇلار قۇرۇلمىنى ئىشلەپ چىقىقاندىن كېيىن، ئۇنى 12 قېتىم سىناق قىلىپ ھەممىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. شۇنىڭ بىلەن ئىنژېنېرلار بلاۋئېرنى تەجرىبىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار بلاۋئېرغا بۇ يېڭى ئىجادىيەتنى تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن كۆرسەتتى. ئەمما، ئۇلار تاننى تارتقاندا تورۇبا ئۇلىغۇچ چىقماي قالدى - دە، ئىنژېنېرلار بەكمۇ ئوسال بولدى. بىراق، بلاۋئېر ھېچقانداق باھا بەرمەستىن ئىنژېنېرلارغا سىلەر مېنىڭ ھەربىي زاۋۇتنىڭ باشقا بىر قۇرۇلۇشىنى كۆرۈپ قايتىشىمنى

كۇتۇپ تۇرغۇچە ئارىلىقتا ئىككى تال پولات ساقا چىقىرىپ بېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ چاتقۇچىنى ئۇپرىتىۋېتىپتۇ، دېدى. ئاندىن ئۇلارغا ئىلغۇچىنىڭ ئىچىگە بىر تال ھالقا ئورنىتىپ پولات ساقا بىلەن چاتقۇچنى سىم ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. ئىنژېنېرلار بلاۋئېرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن تۇرۇبىدىن ھېچقانداق كاشىلا چىقمىدى.

يەنە بىر قېتىم، بىر گۇرۇپپا ئىنژېنېرلار ئالىم كېمىسى ئۇچۇن ئالىم كېمىسىنىڭ ھارارىتىنى تەڭشەيدىغان ۋاكۇئۇم ناسوسى ياساۋاتاتتى، ئۇلار جاپالىق خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، كەينى ـ كەينىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. بىر كۈنى بلاۋئېر ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. ئىنژېنېرلار ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دوكلات قىلىپ، تەكلىپ ـ پىكىر بېرىشنى ئۆتۈندى. بلاۋئېر بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن:

ـــ سىلەر ئۇسۇلۇڭلارنى ئۆزگەرتمىسەڭلار بولمىغۇدەك، سىلەر ۋاكۇئۇم ناسوسىنى ئالىم بوشلۇقىغا ئاچىقىڭلار، بولامدۇ؟ ـــ دېدى. ئۇلار سىناپ كۆرگەندىن كېيىن بلاۋئېرنىڭ ئويلىغىنىدەك سىناق تويتوغرا بولۇپ چىقتى.

ئاپوللو پىلانى ناھايىتى مۇشكۇل پىلان ئىدى. 10 يىل ئىچىدە ئۇنىڭغا 150 مىڭ ئالىم ۋە ئىنژېنېر 8000دىن ئارتۇق زاۋۇت قاتناشتى. بۇنى ماسلاشتۇرۇش ناھايىتى قالتىس بىر سەنئەت ئىدى. بلاۋئېرنىڭ دېموكراتىك خىزمەت ئىستىلى، ئەترەت، گۇرۇپپىلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش روھى كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلاتتى.

ئۇ ھەر قېتىم تېخنىكا يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا سۆز قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرەتتى. بۇ خىل شەكىل ئارقىلىق، ھەربىر يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا ئومۇمىي پىلانغا ئۆزىنىڭمۇ قاتناشقانلىقىنى ۋە تۇرۇپ چىققانلىقىنى بىلدۈرۈشى، ئۆزىنىڭمۇ بۇ ئىشتا مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر

بىر ئادەم سۆز قىلغاندا، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىنى بىلىۋالالايتتى. ئۆزئارا ماسلىششقا پايدىلىق ئىدى. بلاۋئېر دائىم، راكېتا تەتقىقاتى پۇتبول كوماندىسىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ياخشى توپچىلارغا موھتاج، بىراق كوماندا ئەزالىرى ئارىسىدىكى ماسلىشىش ئىنتايىن مۇھىم. راكېتا تەتقىقاتى مۇنەۋۋەر كوللېكتىپقا موھتاج. كۆپچىلىكتە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى، غەلىبە بىلەن قايتىش ھېسسىياتى ۋە كوللېكتىپ شەرەپ تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. ئۇ بىر چوڭ دەرەخكە ئوخشاش ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، دەيتتى.

بلاۋئېر مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ قۇرۇشنى باشتىن - ئاخىر خىزمەتنىڭ مۇھىم ئورنىغا قويدى، كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ھوقۇقنى تەقسىملەش جەھەتتە، ئۇ باشتىن - ئاخىر كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىپ، ئالىملارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئەڭ زور چەكتە ئۇرغۇتتى. بلاۋئېر ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىشكە، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ئەركىن ئىشلىشى، دادىل ئىزدىنىشىگە ئەھمىيەت بەردى؛ تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرىغا يەتكۈزدى، يۇقىرىنىڭ ئەھۋالىنى تۆۋەنگە يەتكۈزدى. خىزمەتنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى ئاشۇردى؛ ئۇ ياشلارنى مۇكاپاتلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش چارىسى تۈزۈپ چىقىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئىجاد قىلىش كۈچىنى ئۇرغۇتتى. بلاۋئېر كەمتەر، پاراسەتلىك، خۇش چاقچاق، قىزىقچى ئادەم بولۇپ، باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا ماھىر، راكېتا ساھەسىدىكى ئەڭ ياخشى ھەمكارلاشقۇچى ئىدى.

بلاۋئېر يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى زور كۈچ بىلەن قوللايتتى، خىزمەتتىكى سەۋەنلىكلەرنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويمايتتى. ئىلگىرى قىزىل ياقۇت ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى سىناق قىلغاندا، بىر قېتىم راكېتا پارتلاپ كەتتى، بۇ ۋەقە مۇتلەق كاشىلا چىقمايدۇ،

دەپ قارالغان ئەڭ ئىشەنچلىك جايدا يۈز بەردى. ئەينى چاغدا مۇتەخەسسىسلەر بۇنى چۈشەندۈرەلمەي قالدى. چۈنكى، ئىلگىرىكى بىرقانچە قېتىملىق سىناقلار بۇ جاينىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى. بۇ پەيتتە، بىر تېخنىك بلاۋئېرغا تېلېفون بېرىپ، راكېتا قويۇپ بېرىشتىن ئاۋۋالقى تەييارلىق خىزمىتىدە ئەتۋىركە بىلەن ئۇلىغۇچنى چىڭىتىۋاتقاندا، بىر يۈنىلىش نۇقتىسىغا تېگىپ كەتكەنىدىم، كېيىن سىستېمىلارنى تەكشۈرگەندە ئەھۋال ياخشى بولغاچقا بۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىمەن. ھازىر كۆپچىلىك بۇ ۋەقەنىڭ قايسى ئۇسكۈنىدە يۈز بەرگەنلىكىنى مۆنازىرە قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەھۋالنى سىزگە ئېيتىپ قويۇش مەسئۇلىيىتىم بارلىقىنى ھېس قىلدىم. ۋەقەنى تەھلىل قىلىشتا پايدىلىنىپ بېقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى. بلاۋئېر ئۇنىڭ ئۆزىنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ۋەقەنىڭ سەۋەبى دەل تېخنىك ئېيتقاندەك بولۇپ چىقتى. بىراق، بلاۋئېر كۆپچىلىكنىڭ پەرىزىنىڭ ئەكسىچە، ھېلىقى تېخنىكنى جازالىمىدى، تېخى ئۇنىڭغا بىر شىشە شامپان سوۋغا قىلدى. بلاۋئېر بۇ ئىش ئارقىلىق ئادەم سەمىمىي بولسا زىيان تارتمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

پۈتكۈل ئاپوللو پىلانىنى ئىشلەش جەريانىدا بلاۋئېر ئاجايىپ قالتىس باشقۇرۇش تالانتىنى نامايان قىلدى. «ساتۇرن ــ 5» ناملىق ۋە ئاپوللو ناملىق ئالەم كېمىسى نەچچە مىليارد دوللارلىق سانائەت تۈرى بولۇپ، ئۇلار نۇرغۇن كارخانىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بلاۋئېر ۋە ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى خەبەردار چاقىرىش، تەكشۈرۈپ ئۈتكۈزۈۋېلىش قاتارلىق تەرتىپلەرگە قاتتىق تۈزۈم ۋە نىزام بېكىتكەچكە، پۈتكۈل ئاپوللو پىلانى جەريانىدا ئارتۇق چىقىم بولمىدى ھەم سەتچىلىكلەرمۇ كۆرۈلمىدى. بۇنداق كاتتا تۈر ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغانىدى. قۇرۇلۇش سۈپىتىنى ئۈستۈرۈش ئۈچۈن ھەم

كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئەمگەك مېۋىسىنى تېتىتقۇزۇش ئۈچۈن، بلاۋېر پىلانىنى بۆلۈشنى، ئۇنىڭ چوڭ شىركەتلەرگە تەقسىملەپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. نەتىجىدە «ساتۇرن — 5» نىڭ S — 1C قۇتۇپى پويىن شىركىتىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، S — 2 نى ياساشنى شىمالىي ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۈستىگە ئالدى. S — 4B نى ياساشنى دوۋگلاس شىركىتى ئۈستىگە ئالدى. بۇ ئۈچ شىركەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى، ئۇلار ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچلەرنى جۇغلاپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە «ساتۇرن — 5» ناملىق راكېتانى ياساپ چىقتى.

ئاپوللو ئايغا چىقىش پىلانى، بلاۋېرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك خىزمىتى ئىدى، ئۇ ئالىملار، ئىنژېنېرلار ۋە باشقۇرغۇچىلار بىلەن تەڭ قول تۇتۇشۇپ، بىر يېڭى تىپتىكى ئالىمنىڭ ئوبرازى بىلەن پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە مۇشەررەپ بولدى.

# ئون تۆتىنچى باب ئالەم قاتنىشى ئىشلىرىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى

«ئاپوللو ــ 11» نومۇرلۇق ئالەم كېمىسى ئايغا مۇۋەپپەقىيەتلىك قونغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئالەم ئىشلىرى ئىدارىسى كەلگۈسىدىكى ئالەم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى. كېيىنكى قەدەمدە قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ئىش ئالەم ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە گۇمان سالدى. شۇ سەۋەبتىن ئالەم ئىشلىرى ئىدارىسى بلاۋئېرنى ۋاشىنگتونغا يۆتكەپ، ئۇنى پىلان تۈزۈشكە مەسئۇل بولۇشقا ھەمدە دۆلەت مەجلىسىدە مەسلىھەت بېرىشكە بېكىتتى، چۈنكى بلاۋئېر ئامېرىكىدىكى ئەڭ جىگەرلىك، ئەڭ قابىلىيەتلىك، شۇنداقلا ھەممىدىن بەك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئالەم ئىشلىرى ئالىمى ئىدى.

بلاۋئېر «ئالەم ئايروپىلانى پىلانى»، «ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىخانىسى پىلانى» ۋە «مارسقا ئادەم چىقىرىش پىلانى» نى تۈزۈپ چىقتى. ئالەم تەجرىبىخانىسى دېگەنلىك بىرقانچە ئۈسكۈنىنى يەر شارى ئوربىتىسىغا قويۇپ بېرىپ، شۇ يەردە ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىخانىسىنى قۇراشتۇرۇپ چىقىش ئىدى. تەجرىبىخانا ھاياتلىقنى كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسى ۋە تەجرىبىخانىدىن تەركىب تاپىدىغان بولۇپ، ئالىملار تەجرىبىخانىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردە بىمالال تۇرمۇش كەچۈرەلەيتتى ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئالەم ئايروپىلانى پىلانى بىر خىل تەكرار ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئالەم ئايروپىلانىنى ئىجاد قىلىش بولۇپ، ئۇ بىپايان ئالەم بوشلۇقىغا ئۇچۇپ بېرىپ، يەنە يەر يۈزىگە قايتىپ كېلەلەيتتى. ھەر قېتىم يېقىلغۇ قاچىلانغاندىن كېيىن، ئالەم ئايروپىلانى بوشلۇققا

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلۈپ ۋەزىپە ئىجرا قىلالىتتى. ئالەم ئايروپىلانى ۋۇجۇدقا كەلسە، بوشلۇق ھەرىكىتىنىڭ ئىقتىدارى زور ھەجىمدە ئاشاتتى. مارسقا ئادەم چىقىرىش پىلانى بولسا «ساتۇرن ــ 5» نومۇرلۇق راكېتا ئارقىلىق ئىككى دانە نوۋا يادرو راكېتالىق پلانېتلارئارا ھەرىكەتلىنىدىغان ئالەم كېمىسىنى تۆۋەن يەر ئوربىتىسىغا يەتكۈزۈش، ئاندىن بۇ ئىككى ئۇسكۈنىنى ئوربىتىدا بىرىكتۈرۈپ، يەر شارى ئوربىتىسىدىن بىپايان مارسقا ئۇچۇرۇشنى كۆرسىتەتتى. ئالەم كېمىسىگە «مارسقا چىقىش بۆلمىسى» سەپلەنگەن بولۇپ، كىشىلەرنى مارسقا چىقىرىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش مەقسەت قىلىنغانىدى. بلاۋئېر ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ تۈرلۈك ئۇلۇغۋار پىلانغا كېتىدىغان خىراجەت زور بولغانلىقتىن، دۆلەت مەجلىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈش ـ ئۆتمەسلىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلە بولۇپ قالدى.

دۆلەت ئالەم ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بلاۋئېر بىلەن بىللە دۆلەت مەجلىسى ئاچقان ئالەم ئىشلىرى يىغىنىغا قاتناشتى. پارلامېنت ئەزالىرى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن بلاۋئېرنىڭ ئۆز پىلانى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلاپ، كۆپلىگەن نازۇك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر پارلامېنت ئەزاسى:

ــ بلاۋئېر ئەپەندى، سىزنىڭچە مارس پىلانىغا شۇنچىلىك مەبلەغ سېلىشقا ئەرزىمدۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ مېنىڭچە، بۇنىڭغا مەبلەغ سېلىش ئامېرىكىنىڭ بىر ئاقىلانە تەدبىرى. مەن بوشلۇق تېخنىكىسى تەتقىقاتى بىلەن ھەپىلەشكەنلىكىم ئۈچۈنلا شۇنداق دەۋاتىمەن، بۇنداق قىلغاندا ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادى، ئىلىم ـ پەن ۋە سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى قوزغاتقىلى بولىدۇ. بىز مارستىن ئالتۇن ئەكېلىشنى ئەمەس، بەلكى ئىقتىساد ۋە ئىلىم ـ پەن ساھەيىمىزنى يېڭى ئۇسۇل، بىلىم ئارقىلىق بېيىتىشنى مەقسەت قىلىشىمىز كېرەك، ــ دەپ جاۋاب بەردى بلاۋئېر.

پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قىزغىنلىقى ئىنتايىن ئۇستۇن، قىزىقىشى تازا ۋايىگە يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما خام چوت تىلغا ئېلىنمىدى، ھەممەيلەن باشلىرىنى چايقاشتى. شۇنداق قىلىپ بلاۋئېرنىڭ پىلانىنىڭ بىر قىسمى، يەنى ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىخانىسى ۋە ئالەم ئايروپىلانى پىلانى قوبۇل قىلىنىپ، مارسقا چىقىرىش پىلانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇ ھال بلاۋئېرنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى.

1970 ـ يىلى 24 ـ يانۋار بلاۋئېر خونچۋىرغا قايتىپ كەلدى. ئۇ 20 يىل تۇرمۇش كەچۈرگەن بۇ ئىككىنچى ماكانىدىن ئايرىلىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىراقلا ۋاشىنگتونغا كۆچۈپ كېتىش قارارىغا كەلگەنىدى. كۈندىن ـ كۈنگە يېڭى ئۆزگىرىش ياساۋاتقان جەنۇبتىكى بۇ كىچىك شەھەر بلاۋئېر ئائىلىسىنى ئاددىي، ئەمما قىزغىن كەيپىياتتا ئۇزىتىپ قويدى، بۇ شەھەردە ئەزەلدىن ئۆتكۈزۈلۈپ باقمىغان ئەڭ كاتتا ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، بلاۋئېرنىڭ بۇ شەھەرنىڭ گۈللىنىشىگە قوشقان تۆھپىسىگە تەشەككۈرلەر ئېيتىلدى. ئۆتكەن 20 يىلدا، بلاۋئېرنىڭ ئالەم ئىشلىرى روھى خونچۋىرنىڭ تۇرمۇش رىتىمىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ شەھەر ئەسلىدىكى كېۋەزلىكتىن بىپايان ئالەم بوشلۇقىغا قۇچاق ئاچقانىدى. ھازىر خونچۋىرنىڭ ئىقتىسادى روناق تېپىپ، ھەممىلا يەرنى شىركەتلەر قاپلىدى، نۇرغۇن ئاساسلىق شىركەتلەر تارماق زاۋۇتلارنى قۇردى، خېلى نۇرغۇن جايلاردا دۆلەتنىڭ ئالەم ئىشلىرى تەتقىقاتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى قەد كۆتۈردى.

بلاۋئېر ۋاشىنگتونغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالەم ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ياردەمچى ئىدارە باشلىقى ساياھىتى بىلەن ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىخانىسى ۋە تەكرار ئىشلىتىلىدىغان ئالەم ئايروپىلانىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىش خىزمىتىنى باشقۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ، غايەت زور مەبلەغ سەرپ قىلىنىدىغان بۇ ئىككى يەن تەتقىقات تۈرى ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

پايپېتەك بولۇپ يۈردى.

ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى خېلى ئوڭۇشلۇق بولدى. سەۋەب «ساتۇرن» ناملىق راكېتانىڭ 3 ـ توپىنى ئەسلىدىلا يەر شارى ئوربىتىسىدا قالدۇرۇپ ئادەم ئېلىپ مېڭىشقا ئىشلەتكىلى؛ ئاپوللو پىلانىدىكى ئالەم كېمىسى قىسمىنىمۇ باشقا ئىشلارغا ئىشلەتكىلى بولاتتى. ھازىر ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ، مۇناسىپ تەجرىبە سايمانلىرى ياساپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى. بلاۋئېر ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىخانىسىنىڭ بىرىكمە گەۋدىسىنى لايىھەلىدى، ئۇ 4B ــ S ئوربىتا سېخى، ھەم ئېتىلگەن بۆلمە، قوش يۈزلۈك قارىمۇقارشى ئۇلاش ئۇسكۇنىسى، ئاپوللو تېلېسكوپى قاتارلىق بىرقانچە قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بلاۋئېر ۋەزىپىنى تۈركۈمگە ئايرىغاندىن كېيىن، خونچۋېر، خيوستون، فلورىدا قاتارلىق ئالەم ئىشلىرى مەركىزى ۋە چوڭ تىپتىكى ئالەم ئىشلىرى كارخانىلىرىغا ھۆددىگە بەردى. 1972 ـ يىلى 14 ـ ماي بلاۋئېر قوماندانلىقىدا كىشىلىدى ئالەم ئىشلىرى مەركىزى ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىخانىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قويۇپ بەردى.

ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىخانىسى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا بوشلۇققا كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا، ئېغىر مەسىلە كۆرۈلدى. ئۇچۇپ ئالاھازەل بىر مىنۇتتىن كېيىن ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىخانىسى كونۇس شەكىللىك ستېرېئولۇق قىسمىدىكى غايەت چوڭ مۇداپىئە قاپقىقى ئاجراپ كېتىپ، تېخى ئېچىلمىغان بىر قۇياش ئېنېرگىيىسى باتارېيە گۇرۇپپىسىنى كاردىن چىقاردى ھەمدە 2 ـ باتارېيە گۇرۇپپىسىغا ئۇرۇلۇپ ئېگىشۋەتكەچكە، ئۇ ئالەم بوشلۇقىدا ئېچىلالماي قويدى. شۇڭا، تەجرىبىخانا ئالەم بوشلۇقىغا كىرگەندىن كېيىن، بۆلمە ئىچى زىيادە قىزىپ، ئېنېرتسىيىسى يېتىشمەي قالدى، بلاۋئېر ئۇچۇشنى كونترول قىلىش مەركىزىگە قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىخانىسىنى رېمونت قىلىشقا ياردەملىشىش

توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

شۇنداق قىلىپ قۇياش نۇرىنى توسۇش تاختىسى ۋە رېمونت قىلىش ئۇسكۇنىلىرى قاچىلانغان يەنە بىر ساتۇرن نامىلىق راكېتا ئالەم ئۇچقۇچىلىرى بىلەن ئوربىتىغا كىردى. بۇ ئالەم ئۇچقۇچىلىرى مارشال مەركىزىدە بلاۋئېر ياسىغان چوڭ سۇ باكىدا ۋاكۇئۇم ھالەتتە قۇراشتۇرۇش مەشقى ئېلىپ بارغان بولۇپ، يۇقىرى رېمونت قىلىش ماھارىتىگە ئىگە ئىدى. بۇ نۆۋەت ئۇلار چوڭ خىزمەت كۆرسىتىپ، باتارېيىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈردى، قۇياش نۇرىنى توسۇش تاختىسى ئېچىلىپ، قىممىتى 2 مىليارد دوللار كېلىدىغان ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىخانىسى قۇتقۇزۇۋېلىندى.

ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىخانىسى 1973 ـ يىلى 8 ـ فېۋرال تىنچ ئوكياندا بىتچىت بولغۇچە ئارىلىقتا يەر شارىنى جەمئىي 3300 قېتىمدىن ئارتۇق ئايلىنىپ چىقتى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ گۇرۇپپا، توققۇز نەپەر ئالەم ئۇچقۇچىسى بۇ تەجرىبىخانىدا خىزمەت قىلدى. ئەڭ ئاخىرقى گۇرۇپپىنىڭ خىزمەت ۋاقتى 84 كۈنگە يەتتى. ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىخانىسى پىلانى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، ئۇ قۇياش، ئاتموسفېرا، ھاياتلىق، مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى.

تەكرار ئىشلىتىلىدىغان ئالەم ئايروپىلانىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىخانىسىغا قارىغاندا بىر قەدەر قىيىن بولدى. چۈنكى، بۇ پۈتۈنلەي يېڭى ئۇسكۇنە ئىدى. بلاۋئېرنىڭ لايىھىلىشىچە، ئالەم ئايروپىلانى ئۆزئارا قاتلىنىدىغان ئىككى دانە قاناتلىق ئالەم كېمىسىدىن تەشكىل قىلىناتتى. چوڭراق بىرى ئاساسلىقى راكېتا ئىتتىرگۈچ بولۇپ، كىچىكرەكى ئادەم يۈكلەپ ئوربىتىدا ئۇچاتتى. ئۇلارغا قايتىلاپ يېقىلغۇ قاچىلانسىلا، تەكرار ئىشلەتكىلى بولاتتى. بىر دانە تەكرار ئىشلىتىلىدىغان ئالەم ئايروپىلانى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تەخمىنەن 100 قېتىم ئاۋىئاتسىيە ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئالەم ئايروپىلانى غايەت زور مەبلەغ سەرپ بولىدىغان تۈر بولۇپ، بۇ تۈرگە 10 مىليارد دوللار ئەتراپىدا مەبلەغ كېتىشى مۆلچەرلەنگەنىدى. شۇڭا، كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئىشلىنىش دائىرىسىگە دائىر ئىشلارنى بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشتى. بلاۋئېرنىڭ جامائەتچىلىككە قايتا ـ قايتىلاپ چۈشەنچە بېرىشى، شۇنىڭدەك «ئالەم ئايروپىلانى ئارقىلىق سۈنئىي ھەمراھنى رېمونت قىلغىلى، ئالەم پونكىتى قۇرغىلى، تاشقى پلانېتىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىلى، يەنە ھوللىۋودتىكى ئارتىسلارنىڭ پلانېتلار ئارا كىنو ئىشلەش ئويىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى، جىگىرى بار جۇرئەتلىكلەرنى ئالەم بوشلۇقىدا ساياھەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ» دەپ ئۇزاق مۇددەت تەشۋىق قىلىشى ئارقىلىق، ئالەم ئايروپىلانى ئاقىۋەت ئامېرىكىلىقلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. 1972 ـ يىلى 5 ـ يانۋار ئامېرىكا زۇڭتۇڭى دۆلەتلىك ئالەم ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەكرار ئىشلىتىلىدىغان ئالەم ئايروپىلانىنى سىناق تەرىقىسىدە تەتقىق قىلىشنى باشلاش ئىلتىماسىنى تەستىقلىغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى.

دۆلەتنىڭ ئالەم ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ كەلگۈسىدىكى 10 يىللىق پىلانى ئايدىڭلاشتى، پىلاننى يولغا قويۇش خىزمىتىنى ھەرقايسى كەسپىي تەشكىلاتلار ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى. دۆلەت مالىيىسى ئومۇميۈزلۈك قىسىلغانلىقتىن، ھەرقانداق پىلان سىرتىدىكى زور ئالەم ئىشلىرى تۈرىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى مۇمكىن بولماي قالدى. مەخسۇس «پىلانغا كىرگۈزىدىغان» ياردەمچى ئىدارە باشلىقى بلاۋئېر قىلىدىغان ئىش يوقتەك ھېس قىلىپ، كارامىتىنى نامايان قىلىدىغان سورۇنى كىچىكلەپ كەتكەندەك تىت ـ تىت بولۇپ كەتتى. شۇڭا، ئۇ 1972 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇن ئالەم ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ياردەمچى ئىدارە باشلىقلىقىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ۋەزىپىدىن ئىستېپا بېرىدىغانلىقىنى تۇيۇقسىز جاكارلاپ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارغا يۈزلىنىپ، يېڭى ئىزدىنىشلىرىنى باشلىدى.

بلاۋئېر ئائىلىسىدە بىكار ۋاقىتلارنى ھەر خىل كىتابلارنى كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزدى، كىتاب ئوقۇش ئەسلىدىلا ئۇنىڭ ئاساسلىق قىزىقىشى ئىدى، لېكىن ئالىم ئىشلىرى خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان ۋاقىتلىرىدا، خىزمەتنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ۋاقىت خاراكتېرىگە، تاسادىپىيلىققا ئىگە بولغاچقا، ئۇ كۆپ ھاللاردا دەم ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ خىزمەتكە بېرىلىپ كېتىپ كىتاب كۆرۈشكە دېگەندەك ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى. مانا ئەمدى كىتابلار دۆۋىسى ئىچىدە قالدى. ئالدىدا پەلسەپە كىتابلىرى، بىئولوگىيە، خىمىيە، تارىخ كىتابلىرى ۋە ھەر خىل قۇرۇلۇش تېخنىكىسىغا ئائىت كىتابلار دەستىلەكلىك تۇراتتى. بلاۋئېرنىڭ ئىلىم جەھەتتىكى قىزىقىشى كەڭ دائىرىدە بولۇپ، كەسپىكە يات ئوقۇشلۇقلارنىمۇ كۆرۈپ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى، نېمىس تىلى سەۋىيىسىنىڭ چېكىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بلاۋئېر دائىم كانت، گېگېل، ماركسنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيتتى؛ ئالىم بوشلۇقى تەجرىبىسىنىڭ يېڭى ساھەسى ۋە ئىمكانىيەتلىك قوللىنىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۇ ئاسترونومىيە، سېيسمولوگىيە، بىئو قۇرۇلۇشى، تېبابەتچىلىك قاتارلىق جەھەتتىكى ئوقۇشلۇق ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. بلاۋئېر ھەربىر مىنۇت ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي كىتاب كۆرەتتى. بىر قېتىم خىزمەتداشلىرى بىلەن دەم ئېلىشقا چىققاندا، ھەممەيلەن يازنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنىڭ پەيزىنى سۈرسە، بلاۋئېر قولۋاقتا چىقمۇېلىپ، ھىرودوتنىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنغان «تارىخ» دېگەن ئەسىرىنى بېرىلىپ ئوقۇپ چىقتى. ئېكسپېدىتسىيە قىلىش بلاۋئېرنىڭ كەسپى، شۇنداقلا ئۇنىڭ خاراكتېرى ئىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە سىڭگەنىدى، ئۇ گويا كىتاب ئوقۇش كۈچلۈك ئېكسپېدىتسىيە ئەھمىيىتىگە ئىگە ئىشتەك، يېڭى، ئۆزى بىلمەيدىغان ئىشلار يېزىلغان كىتابلارنى ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇدى.

بلاۋئېر لەيلەپ ـ پەسلەپ ئۇچۇش ۋە سۇغا چۆمۈلۈش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەرىكىتىگە بەكمۇ قىزىقاتتى. ھەر قېتىم دەم ئالغىلى بارسا ئاسماندا ئۇچۇپ، دېڭىزغا چۆمۈلۈپ پسىخىك ھالىتىنى تەكشۈرەتتى. ئۇ بۇ ئىككى خىل تەنھەرىكەت تۈرىدە خېلى ماھارىتى بار تەنھەرىكەتچى بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئوي - پىكىرى ۋە تەسەۋۋۇرلىرى مۇشۇ جەرياندا ھاسىل بولاتتى. بولۇپمۇ دېڭىزغا چۆمۈلۈش ئارقىلىق، ئۇ دېڭىزغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، يۇقىرى ساپالىق دېڭىز - ئوكيان قۇرۇلۇشى مۇتەخەسسىسىگە ئايلاندى.

ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش بلاۋېرنىڭ بارلىق پائالىيىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئىدى. ئۇ دۇنيادا يېمەكلىك، مۇھىت، ئېنېرگىيە قاتارلىق كرىزىسلارغا ئوخشاش نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ ئىنسانلارنى چۆشەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شۈبھىسىزكى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىزدىنىشكە توغرا كېلەتتى. بلاۋېر بۇ جەھەتتە دېڭىز - ئوكيان قۇرۇلۇشىنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ «ئاممىباب ئىلىم - پەن» ژۇرنىلىدا نۇرغۇن ماقالە ئېلان قىلىپ، دېڭىز - ئوكيان يېمەكلىكلىرى. دېڭىز - ئوكيان ئېنېرگىيىسىنى ئېچىش ۋە دېڭىز ئاستىدا پىششىقلاپ ئىشلەش مۇمكىنچىلىكىنى تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە دېڭىز - ئوكيان مېتېئورولوگىيىسى بىلەن بايلىق مەنبەسى سۈنئىي ھەمراھى، شۇنداقلا بوشلۇق تېخنىكىسىنى دېڭىز - ئوكيان ئىلمىگە خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ، دېڭىز تېگىدىكى شارسىمان رودا تۈگۈنلىرىنى كۆرۈپ، پاراخوتتىكى ۋاكۇئۇم ناسوسى ئارقىلىق رودا سۈمۈرۈش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بلاۋېر ئالەم ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن، خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلار بەس - بەستە ئۇنىڭغا كۆز تىكتى. پويىن شىركىتى، شىمالىي ئامېرىكا ئاۋئاتسىيە شىركىتى، خەلقئارا سودا ماشىنىسازلىق شىركىتى

قاتارلىق چوڭ تىپتىكى كارخانىلار بەس ـ بەستە خادىم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ، بلاۋئېرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شىركەت، كارخانىلىرىغا كېرىشىنى ئۈمىد قىلىشتى. لېكىن، بلاۋئېر فايرچىلد شىركىتىنى تاللىۋالدى. سەۋەب، بۇ كارخانا مەخسۇس ئالەم ئىشلىرى تېخنىكىسىنى خەلق ئىشلىرىغا ئالماشتۇرۇش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىناتتى، باش شتابى ۋاشىنگتون ئەتراپىدا بولۇپ، شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ئېۋارد يوئول ھەم بلاۋئېرنىڭ قەدىناس دوستى، ھەم ئۇۋغا چىققاندىكى ھەمراھى ئىدى. ئىككىيلەن تولىمۇ يېقىن ئۆتەتتى. ئەينى ۋاقىتتا فايرچىلد شىركىتى «F — ATS» تېلېۋىزىيە رادىئو سۈنئىي ھەمراھىنى تەتقىق قىلىۋاتقان بولۇپ، ئىستىقبالى پارلاق ئىدى. دىرېكتور يوئول ئەپەندى بلاۋئېرغا 14 كۈن ھەمراھ بولۇپ، مېكسىكىنىڭ ئورمانلىقىدا ئوۋ ئوۋلىغاندىن كېيىن، ئىككىيلەن باش شتابقا يېتىپ كەلدى، بلاۋئېر شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلىنىپ، قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى. بۇ، بلاۋئېرنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم خۇسۇسىي كارخانىغا خىزمەت قىلىشى ئىدى.

فايرچىلد شىركىتى داڭلىق زامانىۋى شىركەت بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ تېخنىكا بازىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ئاساسلىقى ئايروپىلان ئىشلەپ چىقىرىش جەھەتتىكى كەسىپكە مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئالەم ئىشلىرى تېخنىكىسىنىڭ روناق تېپىشىغا ئەگىشىپ سۈنئىي ھەمراھ ۋە سۈنئىي ھەمراھ خەۋەرلىشىش سىستېمىسى ئۇنىڭ يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپگە ئايلاندى. بلاۋئېرنىڭ ئالەم ئىشلىرى تېخنىكىسىنى يەردە قوللىنىش، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش ئارزۇسى بار ئىدى. ھازىر ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ خىزمەتكە ئاتلىنىش شارائىتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى خەلق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان بەزى سۈنئىي ھەمراھ، مەسىلەن، مائارىپ سۈنئىي ھەمراھى، خەۋەرلىشىش سۈنئىي ھەمراھى، ساقلىقنى ساقلاش سۈنئىي ھەمراھى، ئېنېرگىيە خەرىتىسىنى سىزىش

سۈنئىي ھەمراھى، مۇھىتنى كونترول قىلىش سۈنئىي ھەمراھى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى ۋە ئىلىم - پەن سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىدى. 1972 - يىلى ئىيۇلدىن باشلاپ، بلاۋئېرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن رادىئو خەۋەرلىشىش سۈنئىي ھەمراھىنى تەتقىق قىلىپ ياساش خىزمىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى رادىئو، شۇنىڭدەك تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى كۆچەيتىش پونكىتى ياكى مىكرو دولقۇن پونكىتى ئارقىلىقلا ئابونچىلارنىڭ ئائىلىلىرىگە يەتكۈزۈلەتتى. بەزى چەت، يىراق تاغ - جىرالاردىكى رايونلاردا پونكىت قۇرۇش قىيىن بولغانلىقى، ئۇچۇر ئېغىر دەرىجىدە توسالغۇغا ئۇچرايدىغانلىقى ئۈچۈن، رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئامېرىكىنىڭ ئاپپالاچى تاغ تىزمىسى، لوكسان تاغ تىزمىسى ۋە ئالياسكا رايونلىرىدىكى كەڭ ئاھالىلەرنىڭ رادىئو ۋە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىشى تولىمۇ تەس ئىدى. رادىئو - خەۋەرلىشىش سۈنئىي ھەمراھى يەنە ئىنسانلارنىڭ خەۋەرلىشىش ھالىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپ، خەۋەر سىغىمىنى ئاشۇرۇپ، خەۋەرلىشىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتەتتى. دوختۇر يوق كەنتلەر سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق چوڭ شەھەرلەردىن ياردەم تەلەپ قىلالايتتى. شەھەرلەردىكى دوختۇرلارمۇ نەچچە مىڭ ئىنگلىز مىلى يىراق كەنتتىكى ئاغرىقنىڭ كېسىلىگە دىئاگنوز قويۇپ داۋالىيالايتتى.

تېلېۋىزىيە - رادىئو سۈنئىي ھەمراھىنىڭ لايىھەدىكى ئېغىرلىقى 1500 كىلوگرام بولۇپ، قويۇپ بېرىلىش ۋاقتى 1974 - يىلى 30 - مايغا بەلگىلەندى. شۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، ئامېرىكىنىڭ تاغلىق رايونلىرى ۋە چەت - يىراق رايونلىرىدىكى نەچچە مىليون ئاھالە يۇقىرى سۈپەتلىك تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ۋە مائارىپ، سەھىيە مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولالايتتى. يەر يۈزىدىكى قوبۇللىغۇچ تولىمۇ ئاددىي بولۇپ،

كۆنلۈك شەكىللىك بىر ئانتېننا ئارقىلىق 10 نەچچە خىل پروگراممىنى قوبۇل قىلغىلى، يەنە يېپىق يوللۇق ئۆزىتىش ئۈسكۈنىسى ئارقىلىق 300 چە ئائىلىلەرگە پروگراممىلارنى يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولاتتى.

رادىئو - تېلېۋىزىيە سۈنئىي ھەمراھى غايەت زور سودا قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئارقىدا قالغان قالاق ئەللەردە قالتىس بازار تاپتى، بلاۋئېر ئىران، ھىندىستان قاتارلىق كۆپ تاغلىق ۋە نامرات رايونلارنىڭ ھەممىسىدە تېلېۋىزىيە خەۋەرلىشىش سۈنئىي ھەمراھى بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. كۆپ قېتىم چەت ئەللەرگە زىيارەتكە چىقىپ، ئىراننىڭ پادىشاھى، ھىندىستان زۇڭلىسى قاتارلىق مۇھىم ئەربابلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا خەۋەرلىشىش سۈنئىي ھەمراھىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەشۋىق، تەرغىب قىلدى.

1973 - يىلى بلاۋئېر ھىندىستانغا باردى. مېھمانخانىدا ئۇ مۇلازىمىنىڭ يالاڭ ئاياغ كىرىپ - چىقىپ يۈرگەنلىكىنى، يول يۈرگەندە ھېچقانداق شەپە چىقمىغاچقا كەيپىياتىنىڭ تولىمۇ سىرلىق تۇس ئالغانلىقىنى كۆردى. ياتاقخانا ئىنتايىن چوڭ، ئالاھىدە بېزەلگەن بولۇپ، تولىمۇ نەپىس ئىدى. لېكىن، مېھمانخانىدىن چىقسىلا، كوچا، دوقمۇشلارنى سېسىقچىلىق قاپلىغانىدى. چېكىنگە يەتكەن، قورقۇنچلۇق نامراتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. كوچا - كويلاردا يېتىپ كەتكەن باللار، كىشىلەرنىڭ كەينىدىن ئەلمۇرۇشۇپ قول سۇنۇپ كېلىۋاتقان تىلەمچىلەر، ئۇلارنىڭ ھەممىلا يەردە دۆۋىلىنىپ تۇرغان ئەخلەتلەرنى ئىلغاپ ئاختۇرۇشلىرى بلاۋئېرنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولمىدى. بلاۋئېر ھىندىستانغا كېلىپ، «شەرق» توغرىسىدا دەسلەپكى تونۇشقا ئىگە بولدى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىگە بولغان تونۇشى چوڭقۇرلاشتى. ئۆزىنىڭ تېخنىكىسىنى خەلق ئىشلىرىغا ئىشلىتىپ ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاشقا جىددىي تەقەززا بولدى.

بلاۋئېر دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالىم ئىشلىرى

تېخنىكىسىدىكى ھەربىي ھازىرلىقلارنى خەلق ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى. ئامېرىكا ئالەم ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغاندىن بۇيان ئىنتايىن مول پەن ـ تەتقىقات مېۋىلىرىگە ئېرىشتى، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ئىدى. 1973 ـ يىلىلا دۆلەتلىك ئالەم ئىشلىرى ئىدارىسى 2000 تۈردىن ئارتۇق يېڭى تېخنىكىنى كەشىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپوللو پىلانىدا يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان تېخنىكا ۋە پاتېنت 30 مىڭ تۈردىن ئاشاتتى. بۇ تېخنىكىلارغا غايەت زور ئەمەلىي قوللىنىلىش قىممىتى يوشۇرۇنغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا مىسلىسىز ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلغىلى بولاتتى.

بلاۋئېرنىڭ تەشەببۇسى ۋە تۈرتكىسى ئاستىدا، ئالەم تېخنىكىسىنى خەلق ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ھەرىكىتى بىرمەھەل ئەۋج ئېلىپ، غايەت زور سودا قىممىتىگە ئىگە زور بىر تۈركۈم يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى ئىجاد قىلىندى. ئالايلۇق، ھاياتلىق تىبابىتى ساھەسىدە 1973 ـ يىلى «قايتا» زەرەتلەشكەن بولىدىغان يۈرەك ھەرىكىتىنى قوزغاتقۇچ «رادىئو تارقاتقۇچ بەدەن تېمپېراتۇرا كۆمىلچى»، «كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئۆلچەش، تەكشۈرۈش ئەسۋابى»، «جىددىي قۇتقۇزۇش دورىلىرى قاپچۇقى» قاتارلىقلار تەتقىق قىلىنىپ ياساپ چىقىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالەم ئىشلىرى پىلانىدىكى يىراقتىن تەكشۈرۈپ پەرق ئېتىش تېخنىكىسى ۋە ھاياتلىق كاپالىتى تېخنىكىسىدىن تەرەققىي قىلغانىدى.

1973 ـ يىلى ئوتتۇرا شەرقتە ئۇچىنچى قېتىملىق كرىزىس يۈز بەردى. ئامېرىكا ئىشلىتىدىغان نېفىتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئوتتۇرا شەرق تەمىنلىگەچكە، بۇ كرىزىس ئۇنىڭغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتتى. ئېنېرگىيە كرىزىسىنى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش چارىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئەينى ۋاقىتتا قىزىق نۇقتا تېمىسىغا ئايلاندى. بلاۋئېر ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇنداق ھېسابلىدى، بوشلۇق تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ

سۇنئىي ھەمراھ قۇياش ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇپ، سۇنئىي ھەمـراھقا ئـىنېرتسىيە كـۈچـى چوڭ قۇيـاش ئـېنېـرگـىيـىسـى باتارېيىسىنى ئورنىتىپ، قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەتلەندۈرسە، قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن داۋاملىق تۈردە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئاندىن سۇنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش ئۇسكۇنىسى ئارقىلىق، ئۇنى ئېنېرگىيە دولقۇنى شەكلىدە يەر شارىغا تارقىتىپ، قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. بلاۋئېر مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: قارىماققا بۇ پىلان ئەمەلىيەتتىن تولىمۇ يىراقتەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، قۇياش ئېنېرگىيىسى باتارېيىسى ئۇزاق مۇددەت، يۇقىرى ئۇنۇملۇك ھالدا ئىشلىيەلەيدۇ، ئۇ بىزنى پاكىز ئېنېرگىيە مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. باتارېيە گۇرۇپپىسىنىڭ تەننەرخى ئىنتايىن قىممەت بولغان بىلەن، تارقىتىش ھەققى كۈندىن – كۈنگە تۆۋەنلەپ بارماقتا. بلاۋئېر جامائەتچىلىكنىڭ سەمىگە مۇنۇلارنى سېلىپ ئۆتتى: 1958 – يىلى بىر كىلوگرام ماددىنى ئاسمانغا چىقىرىش ئۈچۈن 1 مىليون دوللار، 1968 – يىلى 500 دوللار كەتكەن بولسا كەلگۈسىدە، يەنى 1978 – يىلىغا بارغاندا ئاران 80 دوللار كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، يىراق كەلگۈسىدىن ئالغاندا، سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق توك تارقىتىش ئاقىدىغان چارە.

1974 – يىلى ماي تېلېۋىزىيە – رادىئو سۇنئىي ھەمراھى قۇراشتۇرۇلۇپ بولدى. بلاۋئېر كاناۋېرال تۈمشۇقىدىكى قويۇپ بېرىش مۇنارىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۆزى ياسىغان خەلق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان تۇنجى سۇنئىي ھەمراھنى ئاسمانغا قويۇپ بەردى. سۇنئىي ھەمراھ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، يۇقىرى سۈپەتلىك سەھىيە ۋە مائارىپ پروگراممىلىرى ئابونىچىلار ئائىلىلىرىگە توغرا يەتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنگلىز تىلى، ئىسپان تىلى، ھىندى تىلى قاتارلىق كۆپ خىل تىل قوللىنىلغاچقا، تاغلىق رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ چوڭقۇر

www.uyghurkitap.com

قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئالياسكا خەلقى كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان بلاۋئېرنى ئالياسكىغا كېلىپ ئوۋ ئوۋلاشقا تەكلىپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شىتات ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى، يەرلىك سودا ساھەسىنىڭ ۋەكىللىرى بلاۋئېر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئالياسكا ئۈچۈن مۇستەقىل سۈنئىي ھەمراھنى قويۇپ بېرىشنى مەسلىھەتلەشمەكچى بولۇشتى. ئىيۇندا بلاۋئېر ئالياسكىغا بېرىپ، شىمالىي قۇتۇپ بەلۋېغىدىكى رايونلارنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى.

بلاۋئېر شىمالىي مۇز ئوكياندىكى پرادفورد قولتۇقىدا ئۈچ كۈن تۇردى، بۇ كەڭلىك گرادۇسى ئىنتايىن يۇقىرى قۇتۇپ رايونى ئىدى. لېكىن، بۇ يەردىمۇ ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلار ياشايتتى. نەچچە ئىنگلىز سۈڭگى ئېگىزلىكتىكى شالاڭ ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىدا، دالا چاشقىنى كۆپىيىۋاتاتتى؛ ئۆمۈچۈكلەر قەھرىتان سوغۇقتا مۇز قاتلىمى ئارىسىدا ئۈچەككە كىرگەنىدى. ھەر خىل قۇشلار، ياۋا توشقان، تۈلكە، بۆرە، دېڭىز يىلپىزى، شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى، كېيىك قاتارلىق ھايۋاناتلار بۇ يەردە ماكانلىشىپ، شوخ تاقلىشىپ ھاياتلىقتىن ھۇزۇر ئېلىشاتتى.

— مۇشۇنداق مۇھىتتا ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ! — بلاۋئېر توختىماي سۆزلەيتتى. ئالياسكا سەپىرىدىن كېيىن، بلاۋئېر تاشقى پلانېتىغا ئاھالە كۆچۈرۈش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. نۆۋەتتە شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا ھەممىدىن باب كېلىدىغان مۇھىت يەر شارىدىلا بار، باشقا پلانېتىلاردا ئۇنداق ياكى مۇنداق يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت. لېكىن يەر شارى نوپۇسى شىددەت بىلەن كۆپىيىۋاتىدۇ، 1974 ـ يىلى يەر شارىدا 4 مىليارد نوپۇس بار ئىدى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا نوپۇس تەخمىنەن

6 مىلياردقا يېتىشى، 2025 ـ يىلىغا بارغاندا يەر شارىنىڭ نوپۇسى 12 مىلياردقا يېتىشى مۇمكىن. بۇنچىۋالا كۆپ ئادەم يەر شارىنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچىدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ، تاشقى پلانېتىغا ئاھالىنى كۆچۈرۈش ئېھتىمال كەلگۈسىدىكى مۇھىم ئېھتىياج بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بلاۋئېر تاشقى پلانېتىنىڭ مۇھىتىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ، ئالياسكىدىكى ھاياتلىق ھادىسىسى بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ ۋېنېرانى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۇنى كىشىلەر ماكانلىشىدىغان پلانېتىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ دېگەنگە ئوخشاش ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك بەزى تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: ۋېنېرا قۇياش سىستېمىسىدىكى نۇرغۇن يۇلتۇزنىڭ بىرى بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى يەر شارىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى، ۋېنېرانىڭ ئۈستى يۈزىدە ئاتموسفېرا قاتلىمى، كۆپ مىقداردىكى $CO_2$ ۋە ئاز ساندىكى ئوكسىگېن بىلەن سۇ بولۇپ، يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 480℃ قا يېتەتتى. تېمپېراتۇرىنىڭ بۇنچىلىك يۇقىرى بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئادەتتە ئاتموسفېرا قاتلىمى بەك قېلىن بولغانلىقتىن، ئىسسىقلىق تارقىلىپ كەتمەيتتى. شۇڭا، بلاۋئېر مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ۋېنېراغا قۇۋۋەتتى چوڭ لازېر نۇرى ئەسۋابىنى قويۇپ بېرىپ، بۇ لازېر نۇرى ئەسۋابلىرىنى ۋېنېرا بىلەن تەڭ قەدەمدە ھەرىكەتلىنىدىغان سۈنئىي ھەمراھ قىلىش كېرەك، كۈچلۈك لازېر نۇرى رادىئاتسىيىسى ئاتموسفېرا قاتلىمىنى پارچىلاپ، ۋېنېرانىڭ تېمپېراتۇرا ئۇنۇمىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئارقىدىن يەنە ئالەم كېمىسى ئارقىلىق بەزى ئالاھىدە خىمىيىۋى ماددىلارنى ۋېنېرانىڭ ئاتموسفېرا قاتلىمىغا چېچىپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى $CO_2$ نى پارچىلاپ، ئوكسىگېن ۋە سۇ پارى ئىشلەپ چىقىرىش كېرەك. ھاۋانىڭ سوۋۇشىغا ئەگىشىپ، سۇ پارى چوڭ يامغۇر ھاسىل قىلىپ يەر يۈزىگە چۈشسە، يەر يۈزىنى ئۆزگەرتىپ، تۇپراقنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. ئاندىن ئالەم كېمىسىدە ۋېنېراغا ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان، ئۆز ـ ئۆزىنى قامدايدىغان، يۈكسەك مۇستەقىل بولغان ئىنسانلار جەمئىيىتىنى بەرپا قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بلاۋئېر ئالەم بوشلۇقىغا ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈشنى ئويدۇرۇلغان سەپسەتە دەپ قارىمايتتى. ئەكسىچە، ئۇ كەلگۈسىدە بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى تولىمۇ چوڭ، بىز ھازىر ئاساسلىقى ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراۋاتىمىز دەپ ھېسابلاش بىلەن بىللە ھەممىشە، شۇنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەككى، بۈگۈنكى يېڭى ئۆزگىچە ئىشلار ئەنە ئادەتتىمىزدىكى ئىشلارغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، ئىنسانلاردا تەسەۋۋۇر كۈچى بولۇشى كېرەك، دەيتتى.

رادىئو خەۋەرلىشىش سۇنئىي ھەمراھىدىن كېيىن، بلاۋئېر يەر تەۋرەشنى ئالدىن مەلۇم قىلىش سۇنئىي ھەمراھى لايىھىلەشنى باشلىۋەتتى. بلاۋئېر ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان كۆپلىگەن تەبىئىي ئاپەتلەر ئىچىدە، يەر تەۋرەشنىڭ خەۋپى ئەڭ ئېغىر ئاپەت ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدى. ئامېرىكىنىڭ ئالياسكا، كالىفورنىيە قاتارلىق جايلىرىدا يەر تەۋرەش كۆپ بولۇپ، غايەت زور زىيان كۆرۈلگەنىدى. ئارقىدا قالغان باشقا دۆلەتلەردە يەر تەۋرەش ئاپىتىدە مال ـ مۈلۈكلەر زىيانغا ئۇچراپ قالماستىن، بەلكى ئېغىر يارىلىنىش، ئۆلۈش ھادىسىسى كېلىپ چىققانىدى. شۇڭا، ئۇ يەر تەۋرەشنى ئالدىن مەلۇم قىلىدىغان بىر خىل سۇنئىي ھەمراھنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىش تولىمۇ زۆرۈر، دەپ قارىدى. ئىلگىرى كۆزىتىش، ئۆلچەش ئەسۋابى كۆپ ھاللاردا يانار تاغ ئېغىزى ۋە يەر تەۋرەش قاتلىمىغا يېقىن جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا، ئالىملار بۇنداق خەتەرلىك بەلۋاغقا بېرىپ ئۈچۈرلارنى توپلىمىغان، شۇنىڭ بىلەن تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش قىيىنغا چۈشكەن. بلاۋئېر مۇنداق دەپ قارىدى: يەر تەۋرەش قاتلىمى يۈزىگە لازېر نۇرى قويۇپ بېرىش ئەسۋابىنى كۆپلەپ ئورنىتىش كېرەك. ئۇلار بىر لىنىيە تورى ھاسىل قىلالايدۇ، يەر يۈزى سەللا تەۋرەنگەن ھامان بۇ ئۆزگىرىش ھالىتىنى ئاسمان بوشلۇقىدىكى سۇنئىي ھەمراھ قوبۇل

قىلالايدۇ. سۇنئىي ھەمراھ يەنە ئۇچۇرنى سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىگە يوللاپ، يەر تەۋرەش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش ۋە ئالدىن مەلۇمات بېرىش خىزمىتىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

1975 ـ يىلى ئاۋغۇستتا بلاۋئېر خانىمى بىلەن بىللە كانادانىڭ ئونتارىئو ئۆلكىسىگە دەم ئېلىشقا باردى. بۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ساپ ھاۋاسى ئۇلارغا تولىمۇ ھوزۇر بېغىشلىدى. لېكىن، بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ئۇ تەرىتىدە بىر ئاز قان بارلىقىنى بايقىدى. ئەمما، ئانچە ئېرەن قىلماي كەتمىدى. چۈنكى، ھەمىشە چېنىقىپ تۇرغاچقا سالامەتلىكى، روھىي كەيپىياتى ئىنتايىن ياخشى ئىدى. لېكىن، نەچچە ھەپتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ تەرىتىدىكى قان مىقدارى بارغانسېرى كۆپەيدى. ئۇ ئامالسىز بالتىموردىكى خوپكىنس دوختۇرخانىسىدا ياتتى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بلاۋئېرنىڭ يامان سۈپەتلىك ئۇچەي راكىغا گىرىپتار بولغانلىقى بايقالدى.

بلاۋئېرنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى، ھەر ساھەدىكى زاتلارنىڭ ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ ئەۋەتكەن تېلېگراما، خەتلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگىلى تۇردى. ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالىغاندىن كېيىن، بلاۋئېرنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدا ئاز ـ تولا ياخشىلىنىش بولسىمۇ، لېكىن بۇ بەكمۇ ئۇزۇنغا كەتمىدى، تارىختىكى ئەڭ دەھشەتلىك ئۇرۇشلاردا تاۋلانغان بلاۋئېر ئۆلۈمدىن قىلچە تەشۋىشلەنمىدى، كەيپىياتى ئىزچىل ياخشى بولۇپ، بالنىستا ياتقان بىر ئاي ئىچىدە 10 نەچچە كىتابنى كۆرۈپ بولدى.

1975 ـ يىلى نويابىردا بلاۋئېر قەيسەرلىك بىلەن خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كېلىپ، فايرچىلد شىركىتىدىكى ئىشخانىسىدا يىغىنۋاتقان ئالەمنىڭ سىرى ۋە ئىنسانلارنى چۈشەپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى يېشىش ئۈستىدە قەيسەرلىك بىلەن ئىزدىنىپ، ئالەم ئىشلىرى ئۈچۈن چارە ـ تەدبىر كۆرسەتتى. 1976 ـ يىلى

ئۇ جۇڭگونىڭ تاڭشەن شەھىرىدە ئېغىر بىر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بېرىپ ئېچىنىشلىق پاجىئە كېلىپ چىققانلىق خەۋىرىنى ئۇققاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ، «يەر تەۋرەشنى ئالدىن مەلۇم قىلىش سۈنئىي ھەمراھى»نى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىش.ئۇچۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى.

1977 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، بلاۋئېرنىڭ ئۇچەي راكى قايتا قوزغىلىپ، راك ھۈجەيرىلىرى پۈتۈن بەدىنىنىڭ باشقا ئورگانىزملىرىغا تارىلىپ كەتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ قايتا ئورنىدىن تۇرالمايدىغانلىقىنى پەملىدى. لېكىن، ئۇ ئۆمرىدىن رازى ئىدى. ئۇ:

— مەن ئۆمرۈمدە باشتىن ـ ئاخىر ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، دەۋرىمىزدە كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ھەممىدىن بەك لەرزىگە سالىدىغان ئۇلۇغ ئمجادىيەتلەرگە قاتنىشىپ، بالىلىق مەزگىلىمدىكى ئويۇمنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەت خۇشاللىقىغا چۆمدۇم. مەن تەلەيلىك ھەم بەختلىكمەن. ئادەم ئۇچۇن مۇشۇنىڭدىن باشقا، يەنە قانداق ئارزۇ ـ ھەۋەس، تەلەپ بولسۇن، — دېدى.

بىر دەۋرنىڭ ئۇلۇغ ئىزدەنگۈچىسى، كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم، ئىنژېنېر، ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرقى زامان ئالەم ئىشلىرى ئاتىسى ۋېينېر فون بلاۋئېر ئۆزى قىزغىن سۆيىدىغان ئىشلىرى ۋە كىشىلەر بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالاشتى. شۇ يىلى ئۇ 65 ياشتا ئىدى.

[General Information]
书名=航天奇才—冯·布劳恩　维吾尔文
SS号=40256063